# ۋەتەن مېھرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ۋەتەن مېھرى

(شېئىرلار)

مەسئۇل مۇھەررىرى:
ماخمۇتجان ئىسلام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## مۇھەررىردىن

بۇ توپلامغا خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بويان شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئالتە نەپەر ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

شائىر مەسئوم باسىت 1930 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1950 - يىلدىن ئېتىبارەن شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. 1952 — 1953 - يىللىرى شىنجاڭ «ئازاتلىق ئارمىيە گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ھازىر غۇلجا شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

شائىر باۋۇدۇن نىياز 1939 - يىلى دېكابىردا تۇرپان ناھىيىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1958 - يىلدىن باشلاپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۇ ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئىشلەيدۇ.

شائىر مەھەممەت قۇربان 1942 - يىلى ئىيۇندا قارىقاش ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1960 - يىل ئاۋغۇستتا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتىنى تاماملىغان. شېئىرلىرى 1959 - يىلدىن باشلاپ گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر قارىقاش ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ.

شائىر سىدىق قاۋۇز 1943 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىدا قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «بەختى كۈلگەن چۆل» 1959 - يىلى ئۆكتەبىردە ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر «خوتەن گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

شائىر ياسىن ئىمىن 1949 - يىل ئىيۇندا ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ گۈلباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1976 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغان. تۇنجى شېئىرى 1974 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتىدا ئىشلەيدۇ.

شائىر قۇربان مامۇت 1950 - يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ بەھىشۋاغ يېزىسىدىكى بوستان كىچىك مەھەللىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1976 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى تاماملىغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1963 - يىلدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئىشلەيدۇ.

مۇندەرىجە

مەسۇم باسىت — باھار تۇيغۇسى


بىناكار ۋە بىنا ........................ 2
شانلىق جىپىغاڭجۇن ........................ 3
قارغاي ئاستىدا ئېيتىلغان ناخشا ........................ 4
يۈرەك ئارزۇسى ........................ 5
دىخانغا مۇھەببەت ........................ 6
سۆيۈملۈك باھار ........................ 6
ئەلنىڭ قەدىردان ئوغلىسەن ........................ 7
تاشتىكى گۈل ........................ 8
باھار تۇيغۇسى ........................ 8
سوغا ........................ 12
ئەسلەش ........................ 14
ۋەتەن باغرىدا ........................ 15
ۋىسال ئۈمىدى ........................ 16
ۋىسال ئىشقى ........................ 17
ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئېيىق ........................ 18
جەڭچى مىنگەن ئات ........................ 20
ناخشا ئېيتىش ۋاقتىم ........................ 22
باغۋەن تۇيغۇسى ........................ 23

رۇبائىلار ۋە پارچىلار ........................ 24

يىللار قوينىدا ........................ 25

رابىيە ........................ 26

قارغاي بىلەن ئارچا ........................ 28

ۋاقىت ۋە ئۆمۈر ........................ 29


**يالقۇنتاغ كويلىرى باۋۇدۇن نىياز**


ئۆرلە مەڭگۈ بەختىيار تۇرپان ........................ 34

شانىغا تولسۇن يىلىمىز ........................ 36

يالقۇنتاغ باغرىدا ........................ 37

ئارزۇ ........................ 39

كىتاپ........................ 39

رۇبائى ۋە پارچىلار ........................ 40

ئۆلكەم ئۈزۈن سەپەردە ........................ 42

ئىنگەنگىن ........................ 44

يۇرتۇم ھەققىدە غەزەل ........................ 45

قەشقەرنى كۆردۈم........................ 47

ۋەتەن مېھرى ........................ 48

بولماس ........................ 49

بەزىلەر ........................ 50

بەتنىيەت ........................ 51

ئۇرۇمچى مېھرى ........................ 52

قەلبىمگە خىتاپ ........................ 53

چىن يۈرەكتىن ئەسلەيمىز ........................ 54

ناخشا تېكىستلىرى ........................ 54

ئاشپەز قىز ........ 60
ئاستا ۋە چاپسان ........ 60
گىلەم دوپپا ........ 62
ئەجرىنى ياندۇرسام ........ 62
خامان ناخشىسى ........ 63
قولۇمنىڭ ئىزى بار ........ 64
نەمۇنىچى قىزغا ........ 65
يۇرتۇمغا مۇھەببەت ........ 66
كاككۇك ........ 68
كەلگۈسىدە يازىدۇ كىتاب ........ 68
ئاي ئۈستىگە چىقىدۇ ئۆزى ........ 69
تەشنا ئەمەسمىز ئەمدى قوناققا ........ 70
شەرەپلىك باي بولۇپتۇ ئۇ ........ 70
شائىر دوستۇمغا ........ 71
مەشكە سوئال ........ 72
ھۈنەر — ئۇرۇق ........ 72
ھەر پەسلىدە ئۆزگىچە بوياق ........ 73
ھاكىم مېنى مېھمان دېدى ........ 74
رەسسامغا ........ 76
كىچىك تەمبۇرچىغا ........ 77
خىزمىتىدە بولغىن ئاناڭنىڭ ........ 78
ئۆلگە قىلاي تالنى مەن ........ 81
بېلىققا قاراپ ........ 82

بۇلۇت ۋە دىخان ........................ 83
مېنى كۆرسەڭ ........................ 84
يۇلقۇننى ئويلىسام ........................ 86
چۈشەنمىدى قەدرىمنى ........................ 88
تۇخۇم ........................ 93
بۇ ھۆرمەتكە شىرىك سەنمۇ ........................ 94
دۇتارىم ........................ 96
يالقۇنى بۇ يۈرەكنىڭ ........................ 97
تاشقا قاراپ ........................ 98
دوستۇم بولساڭ ........................ 98

قەتىرە سىدىق قاۋۇز

ناخشا خومارى ........................ 100
نىگار ........................ 101
ۋەدە ........................ 103
تەمى قالدى تىلىمدا ........................ 105
تاڭ شامىلى ........................ 107
بۇلبۇللار چىللاپ كەتتى ........................ 108
يۈرتۇم ـ سائادەت بۆشۈكۈم ........................ 109
يارىمغا خەت ........................ 109
ساقى يار ........................ 114
چىچەك توزىسا ........................ 118
سازەندە دوستۇمغا ........................ 119
ۋەتەن گۈلبېغى ........................ 120
ئېتىز چولپىنى ........................ 121
ۋاقىت ........................ 121

بايرىمىڭغا مۇبارەك ۋەتەن ........ 123
ھېيت بۈگۈن ........ 125
بۇرادىرىمگە ........ 126
يىپەك يولى ........ 127
تاشچى يىگىت ........ 128
گىلەمچى قىز ........ 130
بوغدادا بىر كۈن ........ 132
سەن ئاشىقمۇ، مەن شەيدا ........ 136
باغۋەن قىز ........ 137
ئىسست ياشلىغىم ........ 139
ئانارىم قېنى ........ 142
ھىسسىيات ئۇچقۇنلىرى ........ 150
مېنىڭدەك ناتاۋان بولمىسا نەۋرەم ........ 153
خالىس كۈتكۈچى ........ 154
بەيگە قوشاقلىرى ........ 157

**تالا ئىلھاملىرى ياسىن ئىمىن**

ۋەتىنىم — ئانا ........ 172
تاڭلار خاتىرىسى ........ 174
تۇتاش يوللار ........ 176
ئەجداد مىراسى ........ 181
شۇ چاغدىلا ........ 184
شۇندىن بېرى ........ 186
ۋەتەن دىگەندە ........ 187
ئۇچراشقاندا ........ 188

ئانىغا ........................................ 192
مەن ـ جەڭچىمەن ........................................ 193
سۆيىمەن ........................................ 194
تاڭدىن ........................................ 194
ئانا باغرى ........................................ 196
كىسپىنەك ۋە مەن ........................................ 106
ماڭا شۇ ئەلا ........................................ 197
ھەقىقەت ........................................ 198
ھايات دىمەكلىك ........................................ 199
كىلەرمەن ........................................ 200
تامچە بولۇپ ........................................ 201
شۇندىلا ........................................ 202
ئۈمىت ........................................ 203
نىاخشا تىكىستلىرى ........................................ 203
ۋاپادار دوستلار ........................................ 206
بۆلۈنگەننى بۆرە يەر ........................................ 209
چۆجە خوراز بىلەن ئاسلان ........................................ 217
ئانا يۇرت مۇھەببىتى ........................................ 223

**ئاق كىچە قۇربان مامۇت**

ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن ........................................ 230
ئىنتىپا قلىق ناخشىسى ........................................ 231
سايرام بويىدا ........................................ 232
ئاق ئۆستەڭ ........................................ 233
چىكرا جەڭچىسى ........................................ 234

نېفىتچىلارغا مەدھىيە ........................................ 236
تاغ يولىدا ........................................ 237
سۆيۈملۈك كىشىلەر كەلدى ........................................ 240
جاۋاپ ........................................ 243
ناخشا تېكىستلىرى ........................................ 246
لۇشۇن ھەققىدە ناخشا ........................................ 260
غالىپ كارۋان ........................................ 264
بەختىم ........................................ 266
تۇتاش قەلبلەر ........................................ 267

مەسئۇم باسىمت

# باھار تويغۇسى

# بىناكار ۋە بىنا

چىقىپ، پىتىپ كەتكىچە قۇياش
بۇ بىناغا باقىدۇ ئۇزاق.
بەزەن ئوغاق، بەزەن دۈگىلەك چاق
بولۇپ ئايمۇ تىكىلەر شۇنداق.

تەلمۈرىدۇ يەنە يۇلتۇزلار
چىمىرلىشىپ كۆكتە ھەۋەستە.
كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئىشقى نىمەدۇر،
دەپ تەسەۋۋۇر قىلىمەن پەستە.

بىناكارنى ئاسمان قىزلىرى،
ئۆي سەپبەر، دەپ چاقىرامدىكىن؟
ئەمسە نىمە مارايدۇ مۇنداق،
يا، پەيت تېپىپ ۋاقىرامدىكىن؟

سامادىمۇ باركەن چىن ئاشىق
بىنا ئەمەس، بىناكارىمغا.
ئۇ پەرۋاسىز باسىدۇ نەقىش
ئىشقى بىلەن كۆڭۈل دىيارىمغا.

# شانلىق جيېفاڭجۈن

قايسى گۈلنى سىزماق ئىزلىسەم،
قەلبىم بىلەن بىردەك تۇيۇلدى.
سىزاي دېسەم قايسى بۇلاقنى،
ماڭا چەكسىز شەرۋەت قۇيۇلدى.
ئۇ گۈل قايناق ئىلھام تۇيغۇسى،
بۇلاق پارلاق ئۆمرۈم سۆيگۈسى.
شۇ بۇلاقنىڭ زىلال سۈيىدە
گۈزەل ھايات چاقناپ ئۆتكۈسى.

بۇ خىسلەتنى كىم ياراتتى، دەپ،
ئەجەپلەنمە ئويلاپ كۆرسەڭچۇ.
بىر ئوبراز بار، خىسلەت تەڭرىسى،
ئۇ، سەن بىلەن ماڭساڭ، تۇرساڭمۇ.
غەمدە قالساڭ غەمگۇزارىڭ ئۇ،
شاتلىغىڭدا دىل ئۇزارىڭ ئۇ.
بارلىق بالا، دەردۇ - ئەلەمنىڭ
دەھشىتىدىن قۇتقۇزارىڭ ئۇ.

ئېرىشتۈرۈپ سېنى راھەتكە،
قىلماس تاما، قىلچە مەنپەئەت.
ھالاۋەتتە، مەيلى جاپادا،
قىلغۇچى ئۇ ئەلگە شاپائەت.

بىلسەڭ ئۇنىڭ ئىزى چۈشكەن يەر
قۇچتى زۇمرەت، بولدى گۈل - چىمەن.
دەشت - چۆللەرنىڭ نىمجان ۋۇجۇدى
بولدى ئۇنىڭ قولىدا تىمەن.
شۇڭا كۆرسەم گۈلنى، بۇلاقنى
يۈرىكىمدە ئۆرلەيدۇ يالقۇن.
ئىلھامچىمنى باشقىسى دىمە،
ئۇ قەدىردان شانلىق جېيفاڭجۈن.

1981 - يىل، ئىيۇن.

## قارغاي ئاستىدا ئېيتىلغان ناخشا

قارغايلارنىڭ خىسلىتى تولا،
سۇندۇرالماي كەتتى بورانلار.
چاڭگاقچىلار كېلەلمەيدۇ تەڭ،
سۈپۈرۈلدى زۇغۇي تۇمانلار.

شىۋىرغان، بوران، تۈلكە ئويۇنى
ئېگەلمەيدۇ قارغاي بويىنى.
ئۆرلەيدۇ ئۇ، ياشىرىپ كۆككە،
كۆرۈپ قىزغىن ئەلنىڭ تويىنى.

قارغايدىكى خىسلەت ياشىرىشى،
ئەل باھارى ئۈچۈن راسلىنىشى.

كەل ئۆرلەيلى، پارلاق مەنزىلگە —
مۇشۇ مېڭىش بولسۇن ئاتلىنىش.

1962 - يىل، ئۆكتەبىر.

## يۈرەك ئارزۇسى

كەتتى باشتىن قايغۇلۇق كۈنلەر،
ئەنسىز تۈنلەر كەتتى يىراققا.
كەل ئامرىغىم دىدارلىشايلى،
كۆيگەنغۇ بىز ئوتى پىراقتا.

ئۇنتالمايمەن ياش باھارىمنى،
ئەسلەپ بىللە قىلغان سەيلىنى.
تاپتىم تاغدا گۈللەر ئىچىدىن،
تۈن ئېپ قاچقان سەن گۈل - لەيلىنى.

جان دوستلىرىم، قەدىردانلىرىم،
شات ياشايمىز ئەمدى گۈلزاردا.
مۇرات تاپتۇق ئانا دىياردا،
ئايلىنىمىز سۇلماس چىنارغا.

1982 - يىل، ئۆكتەبىر.

## دىخانغا مۇھەببەت

(ناخشا تېكىستى)

دوستەك چاپقانلار تاغدا،
گۈل مېۋە ئۈزدى باغدا.
ياشاردى ئەزىز جانلار،
گۈل پەسلى باھار تاڭدا.

گۈللەندى ئەجەپ كۆركەم،
دەشت ـ چۆللەر بولۇپ گۈلشەن.
ئەل يوقتۇر جاپا چەكمەي،
ھايات پەيزىنى سۈرگەن.

دىخان سۆيگىنىم شەكسىز،
كۈيلەپ ئۆتىمەن شەرتسىز.
دىخانغا يۈرەك مېھرىم،
بولاقتەك ئاقار چەكسىز.

1982 ـ يىل، مارت.

## سۆيۈملۈك باھار

ۋەتىنىمدە ياشنىدى باھار،
بوستانلىرى چاچماقتا ئىپار.

تاغ، تۈزلەڭگى ياڭزا ـ ياڭزا گۈل،
ھەممىدى جاننى ياشناتتى زىننھار.

شامالللارمۇ ئىمپار پۇرايدۇ،
پۈتۈن مۇھىت. ئەلنى ئورايدۇ.
يېڭىلاشقا ھاياتنى جەزمەن،
باھار جانغا جاننى ئۇلايدۇ.

1982 ـ يىل، ئىيۇن.

## ئەلنىڭ قەدىردان ئوغلىسەن

ئەسلەپ مۇتەللىپ مەن سېنى قويدۇم بېشىڭغا دەستە گۈل،
باغرىم كاۋاپ بولدى شۇئان، ئۆرتەندى بۇ، ئوتلۇق كۆڭۈل.

ئويلاپ خەلقىمىڭ بەختىنى، بولدۇڭ چېلىشىنىڭ جارچىسى،
زار قاخشىغان يوقسۇللارنى ئويغاتتى ناخشاڭ ئەۋجىسى.

زۇلمەت سېنى بوغدى ھامان، قالدى باتۇر روھىڭ ھامان،
كۆلگەندە تاڭ گۈللەپ باھار، سازىڭغا ساز قاتتى زامان.

ئەي مۇتەللىپ باغ ئارا، ئاتماقتا ئارزۇيۇڭ چېچەك،
ئەلنىڭ قەدىردان ئوغلىسەن، ئەسلەر سېنى ھەر بىر يۈرەك.

1982 ـ يىل، فېۋرال.

## تاشتىكى گۈل

قۇياشتىن تەلپ ئالسىمۇ نۇرنى،
ھەربىر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا.
بەزى گۈللەر ئۈنگەن ئېچىلىپ،
چېچىلسىمۇ ئۇرۇغى تاشقا.

بىر قەيسەرنىڭ قەلبىدەك شۇ گۈل،
قىيا تاشتا تۇرۇپتۇ چاقناپ.
چىن ـ ھەقىقى قۇربانلار روھى،
ھەر يۈرەكتە ئېچىلغان ياشناپ.

قىيا تاشتا ئېچىلغان شۇ گۈل،
مەپتۇن قىلار ھەممە كىشىنى.
ئەمدى تاشتا ئېچىلدۇرار گۈل،
چىڭ باغلىغان ئەلگە رىشتىنى.

1981 ـ يىل، ماي.

## باھار تۇيغۇسى

ئۇزىتىپ قىشنى كېلىپ باھار ـ ياز،
قاناتلار قاقتى تۇرنا بىلەن غاز.
غۇسسىنى بېسىپ ئاڭلانغاچ نەغمە،
ئەلنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ كەتتى ساز.

شاتلاندى خەلقىم ئىچىگە پاتماي،
جانلار سېغىنغان باھار كەلدى، دەپ.
ئورمانلار، تاللار قىلمىشتى جەۋلان،
ئەمدى ياشناشنىڭ دەۋرى كەلدى، دەپ.

تاڭنى قۇچاقلاپ كەلگەچكە باھار،
ئەجەپمۇ ھاياتبەخش كۆرۈندى جاھان.
شېرىن ـ لەززەتلىك خۇش پۇراق چاچقان،
باھار نۇرىغا چۆمۈلدى ئىنسان.

بولغاچ كۆڭۈللۈك باھار يالقۇنلۇق،
باھار نۇرلىرى جانغا ئوت ياقتى.
ئويناقلاپ جانلار جانغا جان ئۇلاپ،
باھار نۇرىغا كۆكسىنى ياقتى.

قۇياشلىق باھار چېچەك ئارزۇسى،
غۇنچىگە مەمنۇن سۆيۈندى كۆڭۈل.
ئوينىدى ئۇسۇل باھارغا تويماي،
تاغ، دالا، كانلار ئادەملەر تۈگۈل.

كەڭرى ـ پايانسىز ئېتىز، مەللىلەر،
يېشىل دېڭىزدەك دولقۇن ياسىدى.
تەزگەن قالغاچلار شاتلىق ئىلكىدە،
پېشايۋانلارغا ئۇگا راسلىدى.

باھار ئىشقىدا ھەممە دىخانلار،
ئۈنۈشتى گۈلدەك ئېتىز بېشىدا.
مول ھوسۇل ئۈچۈن قىلىشتى كۈرەش،
باھار ئىلھامى ئۇرغۇپ ئىشىدا.

تەمبۇرچى يىگىت باھار زوقىدا،
ئۇردى شات ناخۇل زىل تەمبۇرىگە.
ئېتىز، باغلارغا، تاغلارغا قاراپ،
ھىس يىغدى شائىر دىل دەپتىرىگە.

ئېيتتى ئۆلەنمۇ ياڭرىتىپ چوپان،
كەڭرى يايلاقتا كىرگۈزگەندەك جان.
قوزا، تايچاقلار... باھار ئىشقىدا،
يايرىدى ئەركىن چېپىشىپ ھەريان.

گۈللەر، چوغلۇقلار چېچىپ خۇش پۇراق،
ئەيلىدى جاننى باھارغا مەپتۇن.
تاشلاردىن ئۇخچۇپ چۈشكەن بۇلاقلار
سېلىشىپ چۇقان ياسىدى كەلكۈن.

تاغ قىيانلىرى كەتمەن ئىلكىدە،
ئېتىز، باغلار تەلپۈنۈپ كەتتى.
تەشناسى قانغان مايسا، تال، چوكان،
قۇياشقا قاراپ يەلپۈنۈپ كەتتى.

× ×

باھار ھوزۇرى جانلار غۇرۇرى،
ھەممە ھۆسنىگە تولار باھاردا.
باھار ئىشقىدا يايرىغان جانلار،
چاقنار چېھرى نۇر گۈللەر قاتاردا.

باھار ھۆسنىنىغۇ قۇياشنىڭ مېھرى.
قۇياشلىق باھار ياشاشقا ئاساس.
جانغا جان قوشقان باھار قوينىدا،
ياشنىغانسېرى كەلمەمدۇ ياشاش.

چىن ھايات ئۆچۈن ياشنىغان باھار،
گۈزەللىكلەرنىڭ غەزنە - بۇلىغى.
پارلاق سائادەت ھايات باھارى،
ئەجدادلار ئارزۇ قىلغان گۈللىگى.

شۇڭا باھارغا باھار قوشۇلۇپ،
مەڭگۈ بېغىشلاپ بەردى گۈزەللىك.
پاھ! بۇ لەززەتلىك باھار پەيزىدە،
بالقىدى چاقناپ ھەممە گۈزەللىك.

1977 - يىل، فېۋرال.

## سوغا

تاڭ بىلەن تاڭ قۇچاقلاپ ئېچىلدى گۈل،
مەپتۇن بوپ ئاشۇ گۈلنى سۆيدى كۆڭۈل.
كۆڭۈلنىڭ رىشتى ئاڭا چىگىلمىسە،
گۈلدەستە تىزارمىدى بۇ ـ قەلبى گۈل.

تۇيامدۇ قەلبى گۈلنىڭ كۆڭلى گۈلگە،
يىغدى ئۇ، ئەڭ خۇشپۇراق رەڭدارىنى.
قالامدۇ دىلدا ئارمان چىمەن ـ گۈلنى،
ئۇزىتىپ كۈتۈۋالسا بايرىمىنى.

ھاياجان چۇلغاپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى،
شەرققە تىكىلدى ئۇ، مەمنۇن قاراپ.
ئوتتۇز يىل بوپتۇ بۈگۈن ـ دىگەندە ئىز،
يۈرىكى باشقىدىنلا كەتتى يايراپ.

ھىسسىيات دەپتەرلىرى ئېچىلىپ كەڭ،
تاڭ ئالدى، تاڭ كەينىگە بولدى ئەينەك.
بوۋىسى ھېزىم قۇلغۇ تىرىك تارىخ،
مۇھىمى ھازىرقىغا ئىلھام بەرمەك.

ئازاتلىق تېڭى ھۆر تاڭ، ھاياتلىق تاڭ،
ئازاتنى قۇچىغىدا ئەركىلەتكەن.

قۇتقۇزۇپ ھېزىم قۇلنى جاھالەتتىن،
ئوغلىمغا مەڭگۈ بەخت بەخش ئەتكەن.

«ئازات» دەپ ئات قويۇشۇپ شۇ — ئوغلىمنى،
ئىپتىخار گۈلشىنىدە چېچەكلەتكەن.
ئازاتجان — گۈل دەۋرىنىڭ خوجايىنى،
قىزىغا، دەۋرىڭنى سۆي، دەپ ئۆگەتكەن.

قەلبى گۈل، ئۆزىمۇ گۈل، دەۋرىمۇ گۈل،
بەختىگە نۇر چاچماقتا قىزىل بايراق.
بىلگەچ ئۇ بوۋىسىنىڭ كەچمىشىنى،
زامانغا، پارتىيىگە شۇنچە ئامراق.

شۇڭلاشقا بۇلبۇل كەتمەس گۈلىستاندىن
كۆڭلىگە ياققان گۈلدىن تىزدى ئۆزى.
بوۋايمۇ ئېلىپ ماڭدى گۈلنى شۇدەم،
دېدى قىز: — تەۋەررۈك بوپ قالسۇن ئىزى...

باققاندا گۈل دەستىگە ھاياجاندا،
بوۋاينىڭ چاقناپ كەتتى ئوتلۇق كۆزى.
ئۇنىڭغا سوغا ئاددى كۆرۈنسىمۇ،
ھەر گۈلدە جىلۋىلەندى قەلب سۆزى.

ئۈچ ئەۋلات دەستە-دەستە گۈل كۆتىرىپ،
مەيدانغا ماڭدى خوشال ياسىنىشىپ.

قىزىل تۇغ جەۋلان قىلغان تىيەنئەنمېنگە،
گۈلنى تېز تاقىساق دەپ ئالدىرىشىپ.

1979 - يىل، ئۆكتەبىر.

## ئەسلەش

بولغان چاغدا شىخو ئازات، ھال سوراپ —
بارغان ئىدى خۇش قامەتلىك ئەخمەتجان.
خۇددى ئۇنىڭ قانىتىدەك يانمۇ - يان،
ماڭغان ئىدى ئابباسوپ ھەم دەلىلقان.

دولقۇنلىرى خۇشاللىقتىن ئەل تويى،
ياڭرىغاندا «...كەلدى!...» دېگەن خۇش خەۋەر
قارشى ئېلىپ پاناھىنى ئۆي - ئۆيدىن
چىقتى يامراپ چوڭ - كىچىك بوپ سەپەرۋەر.

توپ ئىچىدىن يۈگرۈپ چىققان بىر قىزچاق
ئەخمەتجانغا تۇتتى دەستە گۈلىنى.
ئۇ كۆتەردى قىزچاقنى ئېپ بېشىغا
نامايەن قىلىپ ئەلنىڭ قىممەت - قەدرىنى.

«مۇئەللىمگە تەقدىم قىلىمەن بۇ گۈلنى...»
دەپ سىلىدى قىز بېشىنى ئۇ دەرھال.
كۆزلىرىدە خۇشاللىقنىڭ شەبنىمى،
ئالدى ئوراپ ئەخمەتجاننى ئەر - ئايال.

گويا شۇدەم بىر ئەگگۈشتەر تاپقاندەك،
ھاياجىنى پاتماي قالدى ئىچىگە.
بىلىپ ھەممە مۇئەللىمنىڭ قەدرىنى،
بولدى مەمنۇن ئەخمەتجاننىڭ سۆزىگە.

دىدى شۇندا كۆپچىلىككە ئەخمەتجان:
«كۈرەش بىلەن يەتمەكتىمىز غەلىبىگە.
يورۇش قىلىپ ئىلىم ـ پەننىڭ يولىدا
گۈل چېچەكلار ئەۋلاتلارنىڭ قەلبىگە...»

يىل كەينىدىن يىللار ئۆتەر قوغلىشىپ،
تالاي ئىشلار قالار ئارتتا ئۇنتۇلۇپ.
بىراق، تالاي ئوقۇتقۇچى قەلبىگە
ئاشۇ تەلىم سىڭىپ بارار كۈچ بولۇپ.

1981 ـ يىل، مارت.

## ۋەتەن باغرىدا

ۋەتەننىڭ باغرىدا كۆكلەم،
ياساندى تاغ ـ دالا كۆركەم.
باھاردا گۈلگە پۈركەندى،
بولۇپ بىر لەيلىزار ئۆلكەم.

كۆكلۈل ئازادە شات ـ خورام،
پەلەكتە كۈلكە ياڭرايدۇ.
يېڭىچە گۈللىگەن باغدا،
خوشال بۇلبۇللار سايرايدۇ.

تولۇپ چەكسىز جاسارەتكە،
يېڭى مۇقامغا ساز چالدۇق.
بېزەشكە تېخىمۇ ئەلنى،
ئۇزۇن سەپەرگە ئات سالدۇق.

يېتەكلەر غەلىبىگە دائىم،
ئۇلۇغ ئىقبالىمىز بىزنىڭ.
بېرەر شېرىن ھوسۇل ـ مېۋە
چېچەكلەپ ئەجرىمىز بىزنىڭ.

1980 ـ يىل، مارت

## ۋىسال ئۈمىدى

ئاي دەي دېسەم يارىمنى،
ئايدا ئاي كۈلەر بەش كۈن.
يارىم ئايدا بەش كۈلسە،
بولمامدۇ ماڭا تەس كۈن.

يار كۈندە كۈلەمدىكىن،
ئىشىنىڭ ئۈنۈمى بولسا.

ئەجرىمدىن قىسىپ غۇنچە،
يارنىڭ كۆڭلى شاتلانسا.

دۈزەمنى ئۇنتۇپ كۈن - تۈن،
ئىش - ئىجات بىلەن بولسام.
يار ئامراق بولۇپ شەرۋەت،
بولاقتەك ئېقىپ تۇرسام.

يارنىڭ ھۆسنى - جامالى،
گۈلدەك ئېچىلىپ كەتسە.
يار كۆلكىسى ئالەمگە،
نۇردەك چېچىلىپ كەتسە.

مەن مەمنۇن بولار ئىدىم،
ئىلھامغا تولار ئىدىم.
يار بولسا قىزىل غۇنچە،
شېخىغا قونار ئىدىم.

## ۋەسال ئىشقى

ئەل خىزمىتىدە ئۆمرۈم،
يارنىڭ ۋەسلىدە كۆڭلۈم.
يەتتى ئۈز مۇرادىغا،
باھار پەسلىدە كۆڭلۈم.

مۇھەببەت ئىسىل گۈلشەن،
گۈلشەندە كۆڭۈل كۈلگەن.
يارغا گۈل قىسالايدۇ،
ئۆمرىگە كۆڭۈل بۆلگەن.

ھاياتلىق نۇرى ئاپتاپ،
ئاپتاپتا كۆڭۈل ياشناپ.
دىلدا يار ۋىسالى بار،
ئېچىلدى گۈلۈم ياشناپ.

1980 - يىل، مارت.

## ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئېيىق

(مەسەل)

ھەسەلنىڭ تەمىنى پۇرىغان ئېيىق
ئۆڭكۈردىن ئۆمىلەپ چىققان جىلغىدا.
زەڭ سىلىپ بىر ھازا شامال يولىدا،
تىمىسقاپ بوي سوزغان بال ساندۇغىدا.

(شاتلىقى ئىچىگە سىغماپتۇ ئۇنىڭ،
سورىماي يەيمەن، دەپ نەرقىنى بۇنىڭ).
ئۆزگىنىڭ ئەجرىگە خوجايىن بولۇش
ئەزەلدىن ئادىتى بۇ — ئېيىق قۇۋنىڭ.

ئۇستۇنكى جازىنى دەس ئېلىپ چەتكە،
ئاستىنقى ساندۇققا سۇنۇپتۇ قولىنى.
چىمىلداپ كېتىپتۇ بىردىن زىڭىلداپ
ئېيىقنىڭ ھەسەلنى پۇرىغان بۇرنى.
«ھەرىلەر تەبرىكلەپ سىزىدى مېنى» دەپ،
نەشتەرمۇ، چاقماقمۇ بىلمەپتۇ ئۇنى.

دەپتۇ ئۇ:

— يېتىشتىم ھىدىڭنى پۇراپ،
مەن سېنى ئىزلەشكە چىققىلى ئىكەم؟
ھەرىلەر دەپتۇكىم:
— ئاشمايدۇ ساڭا،
ئۇگىدىن ئاشقانىنى يېمەمدۇ ئىگەم؟!

قولىنى خىرامان سۇنۇپ ئۇ يەنە
ھەرىلەر ئاستىنى بوپتۇ ئاختۇرماق.
غەزەپتە قوزغىلىپ چىقىپ ھەرىلەر،
ئۇگىنى، ھەسەلنى بوپتۇ قوغدىماق.

— بۇ، يۇغلۇق مەخلۇقكەن، دەپ راسا پەملەپ،
چېقىپتۇ ئېيىقنىڭ تۇمشۇقلىرىنى.
نەشتەرگە چىدىماي كۆتەرسە قۇيرۇق،
چېقىپتۇ يالىڭاچ قۇمچۇقلىرىنى.

چىقىراپ بىرنەچچە بۇمۇلاپ ئېيىق،
ئامال يوق يۈگرەپتۇ تىنك قىيا تاشقا.
تۇمىشۇغى، قۇمچۇغى كەتكەچ ئېچىشىپ،
قالماپتۇ ئىلاجى باشنى بۇراشقا.

بېشىنى چىاتارغا تىقىپ قېچىپ ئۇ
قىيادىن تىنك موللاق چۈشۈپتۇ ھاڭغا.
دەپتۇكىم ھەرىلەر:
تەييارغا شەيىخلار،
چۈشىدۇ ھەرقاچان ئەجەللىك دامغا...

× ×

كىمكى ئۆز ئەجرىگە بولمىسا ساقچى،
ھاياتلىق شەرۋىتىن ئۆزگە يۈتىدۇ.
نازاكەت بېغىغا ئاشىق مۇئەللىپ،
ئەجرىدىن ئايرىلسا، نىمە كۈتىدۇ؟

1976 - يىل، ئىيۇل.

## جەڭچى مىنگەن ئات

كۆزدىن كەچۈردى كوماندىر،
جەڭچى ئېتىنى،
جەڭچى بىردۋاتاتتى شۇ چاغ،
ئۆزىنىڭ يەيدىغان نېنىنى.
«ئاپىرىن!»

دەپ قالدى كوماندىر كۆڭلىدە...
دېمىسىمۇ مەلۇم كوماندىرغا،
جەڭچىنىڭ دەيدىغىنى:
— بۇ ئات جەڭگىۋار ئات!
ئۇرۇشتا مىندىم بۇنى،
لېكىن مېنىڭ ئېتىم ئەمەس،
يا، كوماندىرنىڭ...
ئۇ، ئات
خەلقنىڭ ئېتى — جەڭچى قانىتى...»
كوماندىر كۆڭلى جەڭ مەيدانىدا،
جەڭچى شۇ ئات بىلەن،
بۆركۈتتەك ئۇچۇپ،
كەستى ياۋلار بېشىنى.
غەلىبىلىك ئورۇنلىدى ئۇ.
كوماندىر تاپشۇرغان،
شانلىق ئىشىنى.
«ئاتنى ياخشى بېقىپسەن ...»
باشقا گەپ قىلمىدى كوماندىر،
لېكىن جەڭچى چۈشەندى،
كوماندىرنىڭ دەيدىغىنىنى.
جەڭ مەيدانىدا ئات ئۇزۇغى كەم،
جەڭچىنىڭ،
ئۆزى مىنگەن ئاتقا بەرگىنى راست،
ئۆزىنىڭ يەيدىغىنىنى.

1962 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

## ناخشا ئېيتىش ۋاقتىم

يېشىل چىمەن بوستانلىقنى بويلاپ يۈرسەم،
باشى ئۈستۈمدە شوخ بۇلبۇللار سايراپ كەتتى.
گۈلباھارنىڭ پەيزىن ئېلىپ تويماي-تويماي،
ئەتراپلاردا جانىۋارلار يايراپ كەتتى.

ئۇلار ھەريان غۇي-غۇي ئۆتۈپ، قىيغىتىشىپ،
شىلتىڭ ئېتىپ ماڭا مەمنۇن قاراپ كەتتى.
مەندىن ئۈركۈپ بۆدۈنىلەر ئۇچماق بولۇپ،
چىمەن ئارا غىلپال-غىلپال ماراپ كەتتى.

«ئازات قۇشلار، جانىۋارلار مەيلىڭلارچە،
گۈزەللىككە تويغىچىلىك ئوينىشىڭلار.
سىلەر مەندىن چۆچۈمەڭلار زادى-زادى،
سايرىشىڭلار، يايرىشىڭلار، تويلىشىڭلار...»
دېدىمدە مەن ئۆستەڭ ياققا قاراپ كەتتىم،
ئۆستەڭگىمۇ يېقىن ئىدى مېنىڭ ئۆيۈم.
سۇ بويىدا يېشىل مەخمەل چۆشەكلەردە
ناخشا ئېيتتىم، زوق كەلگىدەك ياڭراق كۈيۈم.

سائەت ئۆتمەي يېتىپ چىقىپ ئاقۋاش ئانام:
دېدى: — بالام دەردىڭ نىمە، غېمىڭ نىمە؟
ناخشا ئېيتمىش بولۇپ قالدى سېنىڭ ئىشىڭ،

تارتىنماستىن ئېيتقىنا سەن مەيلىڭ نىمە؟
— خاتىرجەم بول جېنىم ئانا، ماڭا غەم يات،
مانا بۈگۈن خەلقىم ئازات، ھەممىمىز شات.
غەمگە قويغان جاھالەتنى قىلدۇق بەربات،
شۇڭا بىزدە تۈگەپ كەتتى دەرت ۋە پەريات.
مەيلىمنى سەن بىلمەك بولساڭ تىڭشا يەنە،
ھەقىقەتنى، شات بەختنى كۈيلەش پەرزىم.
سېنىڭ ئۈچۈن ئىستىقبالنىڭ تاغلىرىدا
قىزىل ۋىجدان سۆزلىرىنى سۆزلەش قەرزىم.
ئىشەنمىسەڭ چىن قەلبىمدىن زېھىن قويۇپ —
سېلىشتۇرغىن ناخشامنى سەن باشقىلارغا.
مېنىڭ ناخشام ياڭراپ بۇ، كەڭ باھارىمدا،
شاتلىق، ئىلھام تاقار ھەرخىل ياشلىقلارغا.
ئانا، ئەمدى قىزىل كۆكۈل ئوغۇلۇڭنى
چىن ئىنساقلار گۈلشىنىگە ساقچى دەپتۇ.
چۈنكى زامان قۇچىقىدا ياشى كۈيچىڭنىڭ،
ناخشا ئېيتىپ، ئەلنى قوغداش ۋاقتى كەپتۇ.

1956 - يىل، دېكابىر.

## باغۋەن تۈيغۇسى

پۈراق چېچىپ، تۇزسا بىر گۈل،
چىچەكلەيدۇ يەنە بىر غۇنچە.
غۇنچىلاپ گۈل ئېچىلىپ تۇزار،
ئۆزدىتىشقا يازنى كۈزگىچە.

ھەر باھارنىڭ ئىشقىدا گۈللەر،
ئېچىلىدۇ تۇزۇپ قانچىلاپ.
گۈل تۇزسىمۇ قالار شەرۋىتى،
شاخ ـ شاخلاردىن ئەلگە تامچىلاپ.

گۈل قالدۇرغاچ باھاردىن سوغات،
كۈتتۈم مەنمۇ بېغىمدا نوتا.
ئەلگە مىۋە بەرسە كۆچىتىم،
دەيمەن ئۆمرۈم ئەمەسكەن كوتا.

كۆچەتلەرنىڭ جىلۋىسى يالقۇن،
باغنى ئەمدى كۆمەلمەس شىۋىرغان.
قۇيۇنلارمۇ تاپالمايدۇ يول،
ھەربىرەتتىن پۈتمەكتە قورغان.

ئۆزەم باغۇەن ئۈمىدىم پارلاق،
قويالايمەن ئاسمانغا شوتا.
ئەجرىمدىن ئەل ئالىدۇ مىۋە،
بۇ زامانغا ئۇزاتقان نوتا.

1977 ـ يىل، مارت.

## رۇبائىلار ۋە پارچىلار

ئوت نىمە ئۇ، بىلمەيدۇ كۆيۈپ كۆرمىگەن،
بىلمەيدۇ مۇھەببەتنى سۆيۈپ كۆرمىگەن.

چىن ئىنساننىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ زادى،
ھايات تۇرۇپ دۇنيادا ئۆلۈپ كۆرمىگەن.

× ×

بەزىلەر نەسىھەت قىلىشقا ئامىراق،
گەر بىلسە، ئۆزىدە مەرىپەت كامراق،
ئەلگە ئۇ، ئۇزۇق دەپ ئۇزاتقان مىۋە،
ھېچكىمگە سىڭمىدى بولغاچقا خامراق.

## يىللار قوينىدا

ئۆتتى يىللار، ئۆتتى شامالدەك،
ھاياتلىقمۇ ئۆتتى ھەم شۇنداق.
لېكىن بىزدە ئۆتتى مەنىلىك،
ئۇنىڭ قەدرى ـ قىممىتى مۇنداق:

ھەر دەقىقە ئۆتتى ئەجرىلىك،
دەستۇر ئاڭا گۈلىستان تۇپراق.
مەنە تولا ھەرگۈل، مايىسىدا،
شۇڭا ئۆتكەن ئۆمۈر شات، پارلاق.

نەدە چۆلدە گۈلىستان باردى؟
نەدە قايناق ھاياجان باردى؟
بۆرە ھۇلاپ تۇراتتى تاغلار،
ئۇندا نەدە زاۋۇت، كان باردى؟

ئەمدى ماڭغان يوللار بوشى ئەمەس،
ھەر قەدەمدە ئالەمچە مەنا.
يېتىشمەكتە ۋەتەندە ئەنە،
ھەرىپلىغا مىڭلىغان دانا.

شۇڭا بىزنىڭ ئەلنىڭ ئالدىدا،
يوشۇرۇنۇپ قالالماس سىرلار.
ھەر بىر يۈرەك ئىجات ئىگىسى،
چېچەك قىسماي ئۆتمىدى يىللار.

قۇرامىغا يەتمەكتە خەلقىم،
ئالدىدا كۆپ گۆھەر قازىدۇ.
ئەمدى كېلەر يىللار قوينىدا،
زەپەر شەنىگە داستان يازىدۇ.

1982 - يىل، يانۋار.

## رابىيە

گۈزەل غۇلجا شەھرىدە
قاينىدى توپ بەيگىسى.
ئىلھامىمغا گۈل چەكتى
بەيگە ئارا لەيلىسى.

تۇلپارلارنىڭ ئىچىدە
كۆردۈم ئۇچار تۇلپارنى.

ئۆزى چەبدەس قامەتلىك،
ئوخچۇپ تۇرغان شۇڭقاردى.

ئوڭ تەرەپتىن پاس چىقسا،
ئوڭ تەرەپتىن ئۇردى ئۇ.
سول تەرەپتىن پاس چىقسا،
سول تەرەپتىن ئۇردى ئۇ.

ئۇنىڭ ئۇرغان توپىنى
توسالمىدى خېلىسى.
توپلىشىپ توپ توسسا،
ئاشتى ئۇنىڭ ھىلىسى.

ھۇجۇمچىغا بەك ئەپچىل
مۇداپىئە كۆردى ئۇ.
سەكرەپ ئۇرۇپ ھەر توپنىڭ
پەيزىن شۇئان سۈردى ئۇ.

ئۆرلىگەندە شۇڭقاركەن،
يۈگۈرگەندە تۇلپاركەن.
ۋەتەن ئۈچۈن ئەڭ ساغلام
چېنىقىشقا خۇماركەن.

ئىسپورت بىلەن چېنىققان
بەدەنلىرى ئۇيۇلتاشى.

چولپان خىجىل ھۆسنىدىن،
قۇندۇز مىسال قەلەم قاشى.

كۆچلۈك پاكىز قامىتى
ئۆزىگە بەك ياراشقان.
كۆرگەنلەر پەرۋانىدەك
شۇنىڭغىلا قاراشقان.

ئاشۇ مەيدان سورۇندا
ئۆت ياقتى ئۇ ھەممىگە.
شۇ، ئاتەشلىك شۇڭقارنىڭ
ئەينى ئىسمى رابىيە.

1981 - يىل، سېنتەبىر.

## قارغاي بىلەن ئارچا

(مەسەل)

ئۆز تۇرقىغا ئۆزى مەپتۇن بولۇپ ئارچا،
ئىچى پۇشتى ئۆرلەۋاتقان قارىغايغا.
دېدى: — ئۇندۇق، سەنمۇ تاشتا، مەنمۇ تاشتا،
بىراق بىلمەي خۇدۇڭنى سەن ئۆستۇڭ قايدا؟
مەن ئۆزەمنى سورىغاچقا يەر بېغىرلاپ
يايرىدىم كىمخاپ، بوي سوزمىدىم ھېچقاچانغا،
دېدى قارغاي: — ئادەت قىلغاچ يېتىمشقى سەن
پانا بولدۇڭ بۆرە، ئېيىق، ئەجدىھاغا،

پەسكەشلىكنى زىمىن سۆيۈشى، دىمە ھەرگىز،
تىلىگىم بار مېنىڭ ئۆرلەش يۈلتۇزلارغا.
تەن بەرمەستىن ئارچا ئەزدى ئەزمىسىنى:
— ھايات نەدىن، نەزەر سالغىن يىلتىزىڭغا.
يوق دىمىگىن پالتا، ھەرە غادايغانغا
كۆكۈم بولۇشى بار ئارچىغا ئالايغانغا...
تەمكىن قارغاي دىدى: — ئۆرلەش ئەل سۆيگىنىم،
ھاۋا پاكلاشى يەر - زىمىنغا كۆيۈنگىنىم.
ئەلگە ياراق بولۇپ كۆككە ئۆرلىگىنىم
يىلتىزىمنىڭ قارچۇغىدىن سۆيۈنگىنىم.

باقماي ئاڭا بۆلەكتىنلا ئۆستى قارغاي،
كۆز چىمچىقلاپ، يەر سىپىلاپ قالدى ئارچا.
ئېمىسالماقنى ئويلىسىمۇ قارغايغا ئۇ
«قولۇڭ يەتمەس» دىدى ھەزىل قىلىپ بارچا.
يەر بېسىرلاپ قالدى ئارچا، كەتتى قارغاي
بۇلۇت يىرىپ ئۆرلىگەنچە ئۆرلەپ قانماي.
توسالغۇنى كىمكى بۆسۈپ ئۆرلەلىسە،
قالمايدىكەن ئۇمىت نۇرى پارلاق يانماي.

1981 - يىل، سېنتەبىر.

## ۋاقىت ۋە ئۆمۈر

دىگەنلەر بار - ۋاقىت شامالدەك...
كۆتۈپ تۇرماي كەتكەن ناداندەك.

سەزمىگەن ئۇ لاغىلاپ يۈرۈپ،
بوپ قالغاننى ئۆزى ساماندەك.
ئۇنى قاغاپ، بۇنى يامانلاپ،
ئۆتكەن كۈنى ياشاپ ئاماللاپ.
تىرىشقاقنى كۆرۈپ كۈل ئارا،
قالدى ئۆزى ساقال قاماللاپ.

× ×

ۋاقىت نىمە، بىلمەپ يەتتى ئەل.
ئاڭلا، سۆزلەي كېلەمدىكەن دەل.
ۋاقىت بىلەن ئېلىشقۇچىغا،
كېرەك پۇختا ئىرادىلىك بەل.
ۋاقىت دىمەك ياشىماق دىمەك،
ياشاش ئۆزى ھاياتلىق كۈلمەك.
پارلاق ئۆمۈر سۈرەي دىگەنگە،
زۆرۈر ۋاقىت قەدرىنى بىلمەك.

ياشىدىم، دەپ قېرىش نە ھاجەت،
ئۇ ئۆزىنى قىلمىش ھاماقەت.
ئۇنداق ئۆمۈر ھايۋانغا تالىق،
قەدىرسىزگە تەقدىرداشى تاقەت.

مىنۇت قەدرى مىنۇت ئىستىقبال،
كۈتسەڭ ئۇنى قىلمەپ بىر ئامال.
ئەجىر قىلساڭ ئېچىلار گۈلۈڭ،
ئۆمۈر بولۇڭ ياشنار بىمالال.

قىسقىا دىمە، ھەر بىر مىنۇتتا،
مۇرات تاپار بىر مۇھىم نۇقتا.
خۇسۇر كۆرمەي ياشنار ھاياتلىق،
ھەر مىنۇتنى تۇتقاندا پۇختا.

كۆر، ۋاقىتنى چىڭ تۇتقانلارنى،
ئاچتى پارلاق گۆھەر كانلارنى.
پاك ئەجرىنىڭ بوستانلىرىدا،
ياشناتماقتا شىرىن جانلارنى.

راست، مىنۇتنى قەدىرلەپ تۇتقان،
يەر شارىنى شار قىپ ئويىنىغان.
يۇلتۇزلارغا يۇلتۇزلار قوشۇپ،
كۆك قەرىدە سەيلە قىپ ئۇچقان.

دېڭىز، ئوكيان كۆلچەك ئۇلارغا،
ماڭسا زېمىن گۆلدەك ئۇلارغا.
شۇڭا تاغ - تاشى، دېڭىز ھەم ساما،
ئاددى داغدام يولدەك ئۇلارغا.

تىرىشچانلىق خۇشتار ياشاشقا،
پەيتنى ئىگە قىلساق ئاساسقا،
مەھسۇلاتلىق ئۆتۈلسە ئۆمۈر،
قالماس كىشى ياماق ياماشقا.

× ×

ۋاقىت قەدرى ئۆزىنى بىلمەك،
ئۆزگىنىڭمۇ ئۆمرىگە كىرمەك.
قەدىرلەنسە ئۆزگىنىڭ ۋاقتى،
ئۇ، ھەم ئۆمۈر ئۇزارتار بىردەك.
ئۆز ۋاقتىنى ئاسرىغان ئاقىل،
كۆيۈنىدۇ ئۆزگىگە قابىل.
ۋاقىتنى چىك تىزگىنلىگەنگە،
پارلاق ئۆمۈر بولىدۇ قايىل.

× ×

پەيتنى تۇتۇش چىلىشتا يىگىش،
دىلغا پۈككەن پىلاننى قىلىش.
ئۇ، بىر ئارزۇ ئەۋلادقا مىراس،
ھەم ئۆزىنى، دۆلەتنى بىلىش.
كۈتكەن بولساڭ ئۆتكەن كۈنۈڭنى،
نەق ئۇزارتقان بولدۇڭ ئۆمرۈڭنى.
ھەر يۈرەكتە ياشنايسەن پارلاق،
ھەمرا قىلار ئەۋلات روھىڭنى.

مەسۇم ئۆزدىڭ...
ئۆزگە ئۆمرىنى،
ئۇزارت تۇتۇپ ۋاقىت قەدرىنى.
قەدىر بىلگەن قەدىرلىك ئۈچۈن،
سۈندى زامان شانلىق قەلبىنى.

1983 - يىل، سىنتەبىر.

باۋۇدۇن نىياز

# يالقۇنتاغ كۈيلىرى

# ئۆرلە مەڭگۈ بەختيار تۇرپان

كەلدىم تىنماي ئۆرلەۋاتقان گۈزەل تۇرپانغا.
قۇياش نۇرى جىلۋە قىلغان يېشىل بوستانغا.
ئىتتىپاقلىق ـ غالىبىيەت تۇغى لەپىلدەپ،
يېڭى ھۆسۈن بېغىشلاپتۇ بۇ كەڭ ماكانغا.

باش ئېگىپتۇ تەسلىم بولۇپ جاھىل تەبىئەت،
ئاپتۇ ئۇنى تۇرپان خەلقى ئەمدى ئالقانغا.
كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەگىشىپ ھامان،
باتۇرلارچە قەدەم تاشلاپ چامداپتۇ ئالغا.

ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان تەكەببۇر تاغدىن،
ئۆستەڭ قېزىپ، سۇ باشلاپتۇ چۆل ـ باياۋانغا.
ئەسىرلەردىن چاڭقاپ ياتقان قاقاس جەزىرە،
ئېرىشىپتۇ يېتەلمىگەن ئارزۇ ـ ئارمانغا.

خەۋەر بېرەر مول ھوسۇلدىن بۇغداي دېڭىزى،
دەيسەن كۆرۈپ ئاشلىق قانداق سىغار خامانغا.
كۆرۈنمەيدۇ كېۋەز تەرگەن ئېتىزنىڭ چېتى،
ئۈجمىزاردىن شات ناخشىلار تارار ھەر يانغا.

مەپتۇن قىلدى مەشھۇر يېزا گۈزەل «بەشيۇلتۇز»
زوقۇم كەلدى تۇرپاندىكى يورۇق چولپانغا.

ئەمگەكچىنىڭ يۈرىكى ئوت، قولى گۈل ئىكەن،
قايىل قالدىم يارىتىلغان مۆجىزە ـ شانغا.

ئۆتمۈشتىكى كويىقاپىنىڭ ئاغزى ئايدىڭخۇ
پۈركىنىپتۇ چىمەنلەرگە، لالە ـ رەيھانغا.
تەشەككۈرۈم تۈگىمەيدۇ قانچە يازسامۇ،
قاقاس چۆلنى بوستان قىلغان مەردۇ ـ مەردانغا.

داڭ چىقارغان بۈيلۈق دىگەن جەننەتنى كۆردۈم،
شاتلىقىمدىن بېشىم گويا يەتتى ئاسمانغا.
كۈيلىگەنگە ئادا بولماس باغۋەن ئەجرىنى،
قانچە قاتسام قوشاقلارغا ـ مىڭلاپ داستانغا.

هالال مېھنەت «يالقۇنتاغ»نى گۈلگە ئوراپتۇ،
يار بولۇپتۇ «ئوت ماكانى» مەڭگۈ باھارغا.
كۈلكە ئوينار بەخت تاپقان دىخان لېۋىدە،
يۈزى ئۇنىڭ ئوخشايدىكەن خۇددى ئانارغا.

ئۆرلە يەنە پەرۋاز قىلىپ بەختىيار تۇرپان،
ئۆرلە مەڭگۈ زەپەر قۇچۇپ پارلاق ئىستىقبالغا.
نىجاتچىمىز كومپارتىيە يۆلەكداشى بىزگە،
زامان بىزنىڭ، بىز ئىگىمىز بارچە ئىمكانغا.

1965 ـ يىل ئاۋغۇست، تۇرپان.

## شانغا تولسۇن يىلىمىز

شان قۇچۇپ ئۆرلەپ ھامان، بولدى گۈلىستان ئېلىمىز،
بەختىيار ئەلنى-ۋەتەننى جاندىن ئەزىز بىلىمىز،
پارتىيە چاچقاچقا نۇرلار ياشنىماقتا دىلىمىز،
جەڭگىۋار ئەسىرگە تەڭداش ئۆتمەكتە ھەر يىلىمىز.

تەر تۆكۈپ قىلدۇق چېلىش يەر بىلەن ئاسمان بىلەن،
تولدۇرۇپ تارىخ بېتىنى يېپ-يېڭى داستان بىلەن،
تولدى ئەتراپ خۇش پۇراقلىق لالەيۇ-رەيھان بىلەن،
پارتىيە بولغاچقا باشچى ھەر كۈرەشتە يېڭىمىز.

بارچە مىللەت چىڭ ئۇيۇشتۇق، خەلقىمىز ئىناق بۈگۈن،
مىسلىسىز قۇدرەتكە تولدۇق، قەلبىمىز قايناق بۈگۈن،
شۇڭا دىلدىن ئۇرغۇغان ناخشىمىز ياڭراق بۈگۈن،
پارلىدى نۇرلۇق كېلىچەك كۆتكەن نىشانغا يېتىمىز.

كەڭ ۋەتەننىڭ شەرقىدىن بۇ بەختىيار شىنجاڭغىچە،
ئىچكى موڭغۇل يايلىقىدىن ھۆر-ئازات شىزاڭغىچە،
گۈللىگەن ئاۋات شەھەردىن كەڭ يېزا بوستانغىچە،
ئانىجان تۇپراققا مەھكەم-چىڭ چىگىلگەن رىشتىمىز.

ماڭىمىز شانلىق چېلىشنىڭ زەپەر تۇغىنى كۆتىرىپ،
يېڭى يىلدا يېڭى جەڭگە ئاتلىنىپ بىز يەڭ تۈرۈپ،

ھەر قەدەمدە يېڭى غەلىبە قۇچىمىز تېز يۈكسىلىپ،
بارچىمىز چامدايلى ئالغا شانغا تولسۇن يىلىمىز.

1977 يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

## يالقۇنتاغ باغرىدا

كېلىپ يەنە بەختى پارلاق گۈزەل تۇرپانغا،
كۆرەش-ئەمگەك قايناپ تاشقان ماكاننى كۆردۈم،
دەۋرىمىزنىڭ خىسلەتكە باي باتۇرلىرىنىڭ،
ئىش-ئىزلىرى مەدھىيىلەنگەن داستاننى كۆردۈم.

جارى قىلىپ ئەجدادىنىڭ خىسلەتلىرىنى،
قايرىپ تاشلاپ كونىلىقنىڭ ئىللەتلىرىنى.
ئۇلۇغ، شانلىق پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭغان،
قەلبى ئوتلۇق، جەڭدە باتۇر پالۋاننى كۆردۈم.

كۆكرەك كېرىپ باتۇرلارچە چىقىپ مەيدانغا،
ھەر بىر ئىشتا ئاساسلىنىپ ئىلمۇ-ئېرپانغا،
ئەرلەر بىلەن بىر سەپ بولۇپ تۆھپە ياراتقان
سانسىزلىغان باتۇر ئايال-ئىشچاننى كۆردۈم.

ئاسمان پەلەك ئاقۋاش تاغنىڭ باغرىنى تىلىپ،
ئۆستەڭ چېپىپ، قاقاس چۆلگە سۇ باشلاپ كېلىپ،

چاڭقاپ كەتكەن چۆل ـ دەشتلەرنى گۈلگە پۈركىگەن
ئوت يۈرەكلىك، گاڭ بىلەكلىك ئوغلاننى كۆردۈم.

ئاشلىق، پاختا، ياغلىق داندىن ياسىلىپتۇ تاغ،
شىرىن ـ شەربەت ياغدۇرۇپتۇ ئۈزۈمزارلىق باغ،
مول ھوسۇلدىن خەۋەر بېرىپ كۆككە تاقاشقان
خۇددى تۇرپان مۇنارىدەك خامانىنى كۆردۈم.

زوقۇم كەلدى ناخشا ـ ئۇسۇل ماھىرلىرىغا،
كەڭ ئېتىزنىڭ غەزەلخانى ـ شائىرلىرىغا،
يېڭى سەنئەت باغچىسىدا پورەكلەۋاتقان
تۈرلۈك ـ تۈمەن خۇش پۇراقلىق رەيھاننى كۆردۈم.

جەھەننەمگە يوللىنىپتۇ «ۋابا ئىلاھى»
ھەر جايدىكى «تىببى پونكىت» بۇنىڭ گۇۋاھى،
دوختۇر ئىزلەپ شەھەرلەرگە بېرىش نە ھاجەت؟!
چۈنكى سانسىز ئاق خالاتلىق لوقماننى كۆردۈم.

ئۇرۇق چاچار ئېتىزلاردا يېڭى سىيالكا،
توك تارقىتىش ماشىنىسى گۈلدۈرلەر بۇندا.
جىن چىراققا تەشنا كۆڭلەر كەلمەسكە كەتكەن،
كوچا، ئۆيدە نۇر چاقناتقان چولپاننى كۆردۈم.

تۇرپاننى مەن ھاياجاندا قىلىپ زىيارەت،
كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى يېڭى قىياپەت.

ھەر قەدەمدە ئالغا چامداپ ئىلگىرىلەۋاتقان
يالقۇنتاغنىڭ باغرىدىكى بوستاننى كۆردۈم.

1978 - يىل ئاۋغۇست، تۇرپان.

## ئارزۇ

ھۆر ۋەتەن، گۈلزار بېغىڭدا لالە - رەيھانىڭ بولاي،
جۆر بولۇپ ھەم شاتلىغىڭغا كۈلكە - خەندانىڭ بولاي.

ئاتەشىن مېھرىڭدە ئۆستۈم، ئىپتىخار، بەختىم ئۆزەڭ،
شەپقىتىڭ - مېھرىڭنى كۈيلەشتە غەزەلخانىڭ بولاي.

ھەر گىيا، مىسقال تېشىڭ مەڭگۈ مۇقەددەستۇر ماڭا،
مەن ئۇنى قوغداشى يولىدا جەڭچى ئوغلانىڭ بولاي.

ئىلمۇ - پەن شۇڭقارى بوپ ئۆرلەي پەلەكنىڭ قەرىگە،
ئەيلەيەن پەرۋاز سامادا، كۆكتە چولپانىڭ بولاي.

كىشىنىشىپ چوڭ بەيگىگە چۈشتى تۇمەنمىڭ ئارغىماق،
شۇ شەرەپلىك بەيگىدە مەن مەردۇ - مەردانىڭ بولاي.

1979 - يىل مارت، ئۈرۈمچى.

## كىتاپ

ئەقىل - ئىدرەك مەنبەئىمسەن جانانىم كىتاپ،
ھەربىر بېتىڭ كۈچ - قۇدرىتىم، دەرمانىم كىتاپ،

سەن كۆكۈللەر باغچىسىغا نۇر بىلەن ئاپتاپ،
سېنىڭ بىلەن ياشنار گۈزەل دەۋرانىم، كىتاپ.

سېنىڭ بىلەن تەبىئەتنى بوي سۇندۇرىمىز بىز،
كۆك قەرىدىن تولۇن ئاينى ئۈزەلەيمىز بىز،
ئوكيانلاردىن دۇرى - گۆھەر سۈزەلەيمىز بىز،
شانۇ - زەپەر قۇچۇش ئۈچۈن ئىلھامچىم كىتاپ.

غالىبانە يۈرۈشكە بىز تاشلىدۇق قەدەم،
بىزدە تەييار بارچە ئىمكان، دەۋرىمىز كۆركەم،
چوققىلارغا ئۆرلەش ئۈچۈن بىلىمىز مەھكەم،
شۇ ئۇلۇغۋار جەڭ كۈرەشتە قورالىم كىتاپ.

ئىلىم - پەنسىز كوممۇنىزىم بولمايدۇ بىنا،
ئىلىم بىلەن بىرىمىز بىز ھاياتقا مەنا،
ھۆر ۋەتەننى گۈللەشتە بىز ئىلىمگە تەشنا،
مەرىپەتنىڭ جەۋھەرىسەن خۇمارىم كىتاپ.

1979 - يىل مارت، ئۈرۈمچى.

## رۇبائى ۋە پارچىلار

مۇشەققەتنى چېكىشكە رازىمەن دېسەڭ،
ھاياتتىن دۇر - گۆھەر قازىمەن دېسەڭ،
دوست تۇتقىن زامانەڭ پەرھاتلىرىنى،
خىسلەتلىك دەۋرىڭنى يازىمەن دېسەڭ.

×

جانانسىز بەختىيار ياشالماس ئىنسان،
تېپىلماس جاھاندا ۋەتەندەك جانان،
سەن ئۆزگە ۋەتەندە ئالتۇن تاج كىيگەن،
بەربىر ئۇ ساڭا ئۆلۈمدىن يامان.

×

كىشىنىڭ يۇرتىدا يايرايمەن دىمە،
بۇلبۇلدەك خۇشناۋا سايرايمەن دىمە،
ۋەتەنسىز رىيازەت چەككىنىڭ چەككەن،
پاراغەت ئىچىدە ياشايمەن دىمە.

×

باغلاردا ئەجرىسىز ئېچىلماس رەنا،
ئىلىمسىز ھاياتتا نەقىلۇر مەنا.
ئۆگەنگىن، تىرماشقىن ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن،
قويمىغىن ئۆزەڭگە زىنھار تەمەننا.

×

ئەلنى دەپ قىراۋغا كۆمۈلسە بېشىم،
دەيمەن بۇ غورۇرۇم، تاجۇ - زىننىتىم.
شان قۇچۇپ كۆز يۇمسام ۋەتەن قوينىدا،
بولاتتى شۇندىلا ئىززەت - ھۆرمىتىم.

×

ئايرىلما خەلقىڭدىن، خەلق بار، سەن بار،
خەلقىڭدۇر ئۈمۈربات ساڭا مەدەتكار.
ۋەسلىڭنى، ئىشقىڭنى بەرمەسەڭ ئاڭا،
لاپ ئۇرۇپ مەيدەڭنى كەرگىنىڭ بىكار.

×

پەرۋانە بولۇپ مەن ساڭا ۋەتىنىم،
ياشىماق جاھاندا تەگداشسىز بەختىم.
مېھرىۋان ئانامسەن، غەمگۇزارىمسەن،
بۇ چەكلىك ھاياتىم سەن ئۈچۈن تەقدىم.

×

يازغىنىم ئەل ئۈچۈن نەپ بەرگەي دېسەڭ،
نەزەر سال ھەقىقى پۈتمەس بۇلاققا.
خۇشناۋا بۇلبۇلغا مەھلىيا خەلقىم،
ئىشەكنىڭ ھاڭگىرىشى ياقماس قۇلاققا.

×

جادىگەر «مەن ئەلگە جانان» دەيدىكەن،
«باغدىكى خۇشپۇراق رەيھان» دەيدىكەن.
يۈرىكى زىندانىدەك قاراڭغۇ تۇرۇپ،
«مەن سەھەر پارلىغان چولپان» دەيدىكەن.

×

كىشىنىڭ تونىدا تەرلەيمەن دېمە،
مېنى يوق چىراقىنى پەرلەيمەن دېمە.
ئىلىم - پەن بابىدا قۇرۇق گەپ سېتىپ،
مۇنبەرنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن دېمە.

1979 — 1984 - يىللار، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى.

## ئۆلكەم ئۈزۈن سەپەردە

زوقلاندۇردى قەلبىمنى ھۆر ئۆلكەمنىڭ گۈلزارى،
ياشنىماقتا قايتىدىن بۇ مەرىپەت دىيارى.

ئىلھام ـ غەيرەت بەرمەكتە قەلبىمىزنى يايرىتىپ،
پارتىيىمىزنىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش شوئارى.

بارچە مىللەت ئات سالدى ئۇزۇن سەپەر ـ بەيگىگە،
شۇ قاتاردا چاپماقتا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇلپارى.

يېڭى ـ يېڭى كەشپىيات كەلدى كۆپلەپ مەيدانغا،
خۇشبۇي پۇراق چاچماقتا ئىلىم ـ پەننىڭ باھارى.

ئۆلكەم ئۇزۇن سەپەردە ماڭدى شانلىق زەپەرگە،
تىكلەنگۈسى يۈكسەلگەن سانائەتنىڭ مۇنارى.

دېخانلارنىڭ غەيرىتى ئاشتى بۈگۈن ھەسسىلەپ،
ياساڭلماقتا ھەر جايدا مول ھوسۇلنىڭ تاغلارى.

ئىپەك يۇرتى تېخىمۇ گۈللىنەمەكتە بۆلەكتىن،
تەلپۈنمەكتە ئۇنىڭغا پۈتكۈل جاھان بازارى.

ئېچىلماقتا رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر سەنئەت بېغىدا،
يۈرەكلەرنى تىترىتەر سازەندەمنىڭ دۇتارى.

ھۇشيار تۇرۇپ چېگرىنى قوغدىماقتا جەڭچىلەر،
مەدەتكاردۇر ئۇلارغا ئەل ـ يۇرتى ھەم نىگارى،

ئوقۇماقتا مەكتەپتە ياش ـ ئەۋلاتلار شات ـ خورام،
ئېچىلماقتا ئولارنىڭ قىزىلگۈلدەك رۇخسارى.

يازاي دىسەم شۇنچە كۆپ ئۆلكەمدىكى ئۆزگىرىش،
كەچۈرۈڭلار، شـۇنچىلىك قەلىمىمنىڭ مادارى.

1981 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

## ئۇگەنگىن

بىلمىگەننى سەن ئوغلۇم، بىلەي دىسەڭ ئۇگەنگىن،
كائىناتنىڭ سىرىنى يېشەي دىسەڭ ئۇگەنگىن.

ماڭدى خەلقىم سەپەرگە، يېتىش ئۈچۈن زەپەرگە،
دۇلدۇلىغا سەپەرنىڭ مىنەي دىسەڭ ئۇگەنگىن.

ياشلىغىڭنى مىنۇتمۇ ئۆتكۈزمىگىن بىھۇدە،
مەرىپەتنىڭ كانىغا كىرەي دىسەڭ ئۇگەنگىن.

سۇ باشلىغىن چۆللەرگە، قانسۇن سېنىڭ ئەجرىڭدە،
تەكەببۇر تاغ بېشىنى ئېگەي دىسەڭ ئۇگەنگىن.

ۋەتەن شـۇنچە قەدىرلىك، چۈشەن ئوغلۇم جېنىڭدىن،
دۈشمىنىنى خەلقىنىڭ يېڭەي دىسەڭ ئۇگەنگىن.

يۈرىگىڭنى تىڭشىسام، يۈكسەك ئىكەن تىلىگىڭ،
سەن شۇ مەقسەت ـ تىلەككە يېتەي دېسەڭ ئۆگەنگىن.

بارلىقىڭنى بېغىشلاپ ۋەتەن ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن،
ئۆچمەس تۆھپە قالدۇرۇپ كېتەي دېسەڭ ئۆگەنگىن.

بىرلىمەستىن چاكىنا، ئەيشى ـ ئىشرەت، ھەۋەسكە،
«خەلقىم ماڭا ئاپىرىن دېگەي» دېسەڭ ئۆگەنگىن.

1982 ـ يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## يۇرتۇم ھەققىدە غەزەل

جانىجان ئۆلكەم سېنىڭ باغرىڭ گۈزەل جەننەت ماڭا،
سەندە ئۆتكەن ھەر دەقىقە مىسلىسىز لەززەت ماڭا.

گۈللىدى ياشلىق باھارىم پارلىغان ھۆرتالىڭ بىلەن،
بۇ ئازات دەۋرىم ھەمىشە ياغدۇرۇپ شەپقەت ماڭا.

جان ـ جىگەر ئوغلۇم دېدىڭ قەلبىمدە قوزغاپ ئىپتىخار،
باغلىدىڭ رىشتىمنى مەھكەم كۆرسىتىپ ئىززەت ماڭا.

مەرىپەتلىك تارىخىڭ بار يەر ـ زېمىن زوقلانغۇدەك،
ھەر قېتىم كۆرسەم يېڭىچە يەتكۈزەر ھېكمەت ماڭا.

سەن تونۇلغان يەر ـ جاھانغا «ناخشا ـ ئۇسۇلى كانى» دەپ،
ئىپتىخارلىمدۇر ئەبەتكە سەندىكى سەنئەت ماڭا.

قاپلىغاندا بىر مەھەل ئۇستۇڭنى مۇدھىش جۇت ـ تۇمان،
مەنمۇ قالدىم شۇ تۇماندا يەتتى كۆپ قىسمەت ماڭا.

قۇترىدى جىنلار دىۋەيلەپ قامچىسىنى ئوينىتىپ،
ئانا يۇرتۇمغا مۇھەببەت بوپتىمىش ئىللەت ماڭا.

زوقلىنىپ قاتقاچ كۆيۈمگە سەن گۈزەل يۇرتۇمنى مەن،
تەگدى كالتەك باشلىرىمغا، ياغدى كۆپ تۆھمەت ماڭا.

لەۋلىرىمنى چىشلىدىم، كۈتتۈم باھارنى تەلمۈرۈپ،
شۇ ئۇلۇغ كومپارتىيەم بەردى يېڭى نۇسرەت ماڭا.

قايتىدىن نۇرلاندى ھۆسنۈڭ، ياڭرىدى ناخشاڭ يەنە،
سەن ئۈچۈن تۈزمەككە نەزمە كەلدى چىن پۇرسەت ماڭا.

چاچلىرىمغا كىرسىمۇ ئاق، جۈرئىتىم چەكسىز تېخى،
چۈنكى ئىشقىڭ تائەبەتكە تۈگىمەس قۇدرەت ماڭا.

ئەل بۈگۈن شانلىق سەپەرگە چۈشتى تولپار ئوينىتىپ،
مەنمۇ ھەم شۇ سەپتىمەن، تاپشۇر يېڭى خىزمەت ماڭا.

1982 ـ يىل ماي، قەشقەر.

## قەشقەرنى كۆردۈم

قىزىل گۈل مەزگىلى ـ ئەتىياز پەسلى،
مەن كېلىپ جانىجان قەشقەرنى كۆردۈم.
گوياكى ئانامىنىڭ باغرىدەك ئىللىق،
سۆيۈملۈك، مېھرىۋان قەشقەرنى كۆردۈم.

ئەزەلدىن ئالەمگە داڭلىق بار شەھەر،
مەرىپەت باپىدا بىر نۇرلۇق قەمەر،
ھازىر ھەم شان قۇچۇپ باشلاپ چوڭ سەپەر،
مەرت قەدەم تاشلىغان قەشقەرنى كۆردۈم.

مىسالى جەننەتتەك باغلىرى گۈزەل،
ھەر دائىم باھاردەك چاغلىرى گۈزەل،
ھوسۇلدىن ياسىغان تاغلىرى گۈزەل،
تەر تۆكۈپ ھارمىغان قەشقەرنى كۆردۈم.

تالاي رەت بولدۇم مەن بۇندا كۆرەكتە*،
يېقىملىق كۈيلىرى قالدى يۈرەكتە،
بۇلبۇللار سايراركەن غۇنچە ـ پورەكتە،
ناخشا ئېيتىپ قانمىغان قەشقەرنى كۆردۈم.

* 1982 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يىگىت ھەم قىزلىرى مېھنەتكە ئاشىق،
ئەجداتلار ياراتقان خىسلەتكە ئاشىق،
ئىلىم - پەن، ھۈنەرگە، ھېكمەتكە ئاشىق،
ئىقبالى پارلىغان قەشقەرنى كۆردۈم.

1982 - يىل ماي، قەشقەر.

## ۋەتەن مېھرى

مۇھەببەت سازىنى چالىمەن تىنماي،
جانىجان ۋەتەنگە بېغىشلاپ ھامان،
ئېيتىمەنكى ۋەتەنگە ئىشقىنى بەرمەي،
بەختىيار ياشىغان قايسى بىر ئىنسان.

ۋەتىنىم مەن ساڭا بولۇپ پەرۋانە،
ياشىماق بىر ئۆمۈر بىباھا بەختىم.
مېھرىۋان ئانامسەن، ئەزىزىم ۋەتەن،
ئىدرىكىم، قۇدرىتىم سەن ئۈچۈن تەقدىم.

ۋاقىراپ ئېيتىمەن خوشال ناخشامنى،
غۇبارسىز ئۇغلىمەن جوڭخۇا ئېلىمنىڭ.
ئېيتسامۇ كۈندۈزگە ئۇلاپ ئاخشامنى،
تۈگىمەس سۆيگۈسى ئوتلۇق دىلىمنىڭ.

1980 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

# بولماس

«ياسانچۇق ھەرگىز مەردانە بولماس،
كېپىنەك ئەسلا پەرۋانە بولماس»*.
ئەلگە ئىشقىنى بەرمىگەن ئىنسان،
ۋەتەنگە سادىق غەمخانە بولماس.

ۋەتەن گۈلزارى باغۋەنگە تەشنا،
ئەجىرسىز باغدا ئېچىلماس رەنا.
چەكلىك ھاياتقا بەرمەستىن مەنا،
كەلگۈسى ئۈندىن نىشانە بولماس.

ئىنساننىڭ قەدرى ئەقىل-ئىدرەكتە،
پارلايدۇ بەختى ھالال مېھنەتتە.
تەر تۆكمەي تۇرۇپ يۆكسەك غەيرەتتە،
ئىقبالى ھەرگىز نۇرانە بولماس.

بەرمەي ئىلىمگە-پەنگە مېھرىنى،
قويماستىن ئاڭا بارچە زېھنىنى.
مەھكەم باغلىماي كۆڭۈل رىشتىنى،
كەڭرى سامادا جەۋلانە بولماس.

يوقاتماي بارچە ناچار ئىللەتنى،
تىكلىمەي تۇرۇپ بۈيۈك خىسلەتنى،

* بۇ ئىككى مىسرا ناۋايىنىڭ.

نەزەردە تۇتماي ۋەتەن، مىللەتنى،
يېڭى بەختىيار دەۋرانە بولماس.

1982 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## بەزىلەر

بەزىلەر ئۆزىنى قەمەر دەيدىكەن،
ماختىنىپ «قەلبىم كەڭ شەھەر» دەيدىكەن.
ھۈنىرى تارقاتماق پىتنە ۋە پاسات،
ئۆزىچە بۇنىمۇ «زەپەر» دەيدىكەن.

نام - ئاتاق ئابرويغا بېرىلىپ شۇنچە،
ئەل بەرگەن مەنسەپتىن كېرىلىپ شۇنچە،
ئىچىگە سىغماستىن يېرىلىپ شۇنچە،
«ھەممىڭگە بىر ئۆزەم پەدەر» دەيدىكەن.

ئەل ماڭسا يورۇشكە تىرەجەپ تۇرۇپ،
راھەتنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ،
باشقىلار ئەجرىگە بەزمىلەر قۇرۇپ،
«باسقىنىم ئۇلۇغۋار سەپەر» دەيدىكەن.

ئاغزىدا ۋاقىراپ ھەققانىيەتنى،
كۆزلەيدۇ ئەمەلدە نەپسانىيەتنى،
بەرمەيدۇ قولىدىن ئىمكانىيەتنى
«ھاياتتا بۇمۇ چوڭ ھۈنەر» دەيدىكەن.

راھەتتە ئالدىدا، جاپادا كېيىن،
جەڭ ـ غەۋغا باشلايدۇ كەتسە بىرتىيىن،
بۇنداقلار بولسىمۇ پارازىت ـ چىۋىن،
ۋە لېكىن «مەن ئەجەپ چىۋەر» دەيدىكەن،

ئالدىدا ماختاركەن قىلىپ خۇشامەت،
كەينىدىن ياغدۇرۇپ غەيۋەت ـ شىكايەت،
تۇغدۇرۇپ كۆنىگە نىزا ـ مالامەت،
«تىلىمىدىن ياغىدۇ شېكەر» دەيدىكەن.

ئەگەر سەن نەزەرگە ئېلىپ خىزمەتنى،
كۆرسەتسەڭ ئۇندىكى ناچار ئىللەتنى،
بىلدۈرسەڭ سەممى، خالىس نىيەتنى،
«مەن كىممەن، قىل مەندىن ھەزەر» دەيدىكەن.

تەكلىۋىم: بۇنداقلار دەۋرىمىزگە باق،
پارتىيە كۆرسەتكەن نىشان بويلاپ ئاق،
ئۆتكەنكى ئىشىڭدىن ئالمىساڭ ساۋاق،
بارچە ئەل «قەدىمىڭ خەتەر» دەيدىكەن.

1982 ـ يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

### بەتنىيەت

نام، ئاتاق، ئابرويىنى دەپ ھەر يانغا چاپقاز بەتنىيەت،
خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا لەنەتكە پاتقان بەتنىيەت.

ئورنى چوڭراقلارنى كۆرسە، باش ئېگىپ تا يەرگىچە،
ھومىيىپ ئاددى خەلققە، بۇتتەك غادايغان بەتنىيەت.

ھەر قاچان شۇملۇقنى ئويلاپ، باشقىلارنىڭ كەينىدىن
يىتتىنە ـ ئىغۋا دەپتىرىنى كەڭرى ئاچقان بەتنىيەت.

توغدۇرۇپ ئىزا ـ مالامەت، تاپتىلىق بازار بىر مەھەل،
ئۆزىنى «ئاقىل» ساناپ ئاسمانغا ئاتقان بەتنىيەت.

مىسلىسىز ئۆملەشتى خەلقىم، قالمىدى ئىمكان ساڭا،
قايت ئىزىڭدىن، توغرا يولنى تاللا چاپسان، بەتنىيەت.

1982 ـ يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

## ئۈرۈمچى مېھرى

ئۈرۈمچى گۈل ماكان بوستانىمىز سەن،
مەرىپەت بابىدا چولپانىمىز سەن.
كۈيلەيمەن مەن سېنى يۈرەك ناخشامدا،
تىللاردا دائىما داستانىمىز سەن.

مەھلىيا ھۆسنۈڭگە كەڭ جاھان ئەھلى،
تۆت پەسىلىڭ ئوخشاشلا گۈلباھار پەسلى،

سەن گۈزەل ئۈلكەمنىڭ ئىپتىخار پەخرى،
گۈلزاردا ئېچىلغان رەيھانىمىز سەن.

غەلىبە كۈيلىرى ياڭرايدۇ سەندە،
ئىلىم - پەن مەشئىلى پارلايدۇ سەندە،
مىللەتلەر شات - خورام ياشايدۇ سەندە،
ئۇلۇغۋار جەڭلەردە ئىمكانىمىز سەن.

1983 - يىل، ئۈرۈمچى.

## قەلبىمگە خىتاب

ئىلىم - پەنگە مۇھەببەت قوي، يېڭى دەۋران كېرەك بولسا،
كۆكەرتكىن چۆل - باياۋاننى گۈلى - رەيھان كېرەك بولسا.

ئىسىل ئەخلاق، بۈيۈك خىسلەت، ئۇلۇغ مەقسەتكە يار بولغىن،
ساڭا سادىق ۋاپادار چىن گۈزەل جانان كېرەك بولسا.

بولۇپ دانكو يۈرىكىڭنى يۇلۇپ ئالغىن قاراپ تۇرماي،
ئەگەر ئەلگە يورۇق مەشئەل ۋە ياگۈلخان كېرەك بولسا.

تاماخور بولمىغىن زىنھار، يىراق قاچ نەپسى ئاچلىقتىن،
ھەقىقەتنىڭ قۇلى بولغىن ساڭا ۋىجدان كېرەك بولسا.

1984 - يىل، ئۈرۈمچى.

## چىن يۈرەكتىن ئەسلەيمىز

تولۇن ئايدەك تۈن كېچىنى يېرىپ چىققان،
جاھالەتكە قارشى كۆكرەك كېرىپ چىققان.
خەلقىمىزنىڭ غەمگۇزارى چەۋەر ئۇستاز،
ئەخمەتجاننى ئەسلەيمىز بىز چىن يۈرەكتىن.

ئىلھام بەرگەن بىزنىڭ مىسكىن يۈرەكلەرگە،
نۇر بېغىشلاپ بۈيۈك ئارزۇ - تىلەكلەرگە.
ھۆرلۈك ئۈچۈن بىزنى جەڭگە دەۋەت قىلغان،
ئەخمەتجاننى ئەسلەيمىز بىز چىن يۈرەكتىن.

ئەجداتلارغا دىل رىشتىمىز تۇتاش بىزنىڭ
ئۈستىمىزدە پارلار بۈگۈن قۇياش بىزنىڭ،
بۈگۈنكى شۇ بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغان،
ئەخمەتجاننى ئەسلەيمىز بىز چىن يۈرەكتىن.

1982 - يىل، ئۈرۈمچى.

## ھاخشا تېكىستلىرى

### ئۇلۇغ پارتىيە كەلتۈردى باھار

ئۇلۇغ پارتىيە كەلتۈردى باھار،
بەخت نۇرىغا پۈركەندى ۋەتەن.

ماگدى يېتەكلەپ شانلىق غەلبىگە،
ئىقبالى چەكسىز داغدام يول بىلەن.

شان ـ شەرەپ تاپتۇق يېڭى دەۋردىن،
نۇرغا پۈركەندى گۈزەل ئۆلكىمىز.
تارقالدى تۇمان، كۈلدى نەۋ باھار،
يەتتى پەلەككە شاتلىق كۈلكىمىز.

بېيجىڭغا قاراپ ناخشا ـ سازىمىز،
يېڭى مۇقامغا ياڭرايدۇ ئەمدى.
پارتىيە بىزنى باشلايدۇ ئالغا،
ھايات باشقىچە قاينايدۇ ئەمدى.

1976 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## بىر ئۆمۈر يارىڭ بولاي

بىر ئۆمۈر يارىڭ بولاي مەن، ھەمنەپەس بولساڭ ماڭا،
ئەل ئۈچۈن تۆكسەم كۈمۈش تەر خۇشچىراي باقساڭ ماڭا.

مەن گويا پەرھات بولۇپ تىلسام داۋانلار باغرىنى،
سەن شۇ چاغ شىرىن بولۇپ خۇشبۇي شاراپ تۇتساڭ ماڭا.

جەڭ ئارا جاننى تىكىپ قىلسام كۈرەش تاھىر كەبى،
دىلبىرىم زۆھرە بولۇپ باغرىڭنى چىڭ ياقساڭ ماڭا.

كەشپىيات ئىشقىغا مەن پاتسام ئەگەر مەجنۇن بولۇپ،
سەن ۋاپادار لەيلىدەك گۈلدىن بىزەك تاقساڭ ماڭا.

1979 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

## بەختى پارلاق يېزىمىز

كەشتە باستۇق گۈل چېكىپ،
يېزىمىزنىڭ كۆكسىگە.
مول ھوسۇلدىن تاغ ياساپ،
ھۆسۈن قوشتۇق ھۆسنىگە.

(قايتارما)
بەختى پارلاق يېزىمىز،
مەڭگۈ باھار - ياز بۈگۈن.
جاراڭلايدۇ شاتلىقتىن
ناخشا - غەزەل، ساز بۈگۈن.

پارتىيىگە ئەگىشىپ،
ھامان ئالغا ئۆرلەيمىز،
ناخشىمىزدا تائەبەت
يېزىمىزنى كۈيلەيمىز.
(قايتارما)

1979 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## باھار قوشىقى

جانلىنىپ كەتتى جىمى كائىنات،
ئۇلۇغ ۋەتەندە، ئۆلكەمدە باھار.
پارلىدى بەختىم يېڭى دەۋردىن،
ئۇرماقتا خەندان كۆلكەمدە باھار.

ياشنىدى ئۇلۇغ، گۈزەل ۋەتىنىم،
جىلۋە قىلماقتا ھۆسنۈمدە باھار.
باتۇر خەلقىنىڭ جەسۇر ئوغلىمەن،
سىزىمەن ھەر چاغ كۆكسۈمدە باھار.

ياشنايدۇ چەكسىز نۇرانە بەختىم،
چاقنايدۇ كۈندۈز - ئاخشامدا باھار.
كومپارتىيەم بار ئىقبالىم پارلاق،
ياڭرايدۇ مەڭگۈ ناخشامدا باھار.

1979 - يىل مارت، ئۈرۈمچى

## ئۈرۈمچى

باغرىڭ سىنىڭ گۈزەل گۈلشەن، بوستان ئۈرۈمچى،
ئەل ئاغزىدا شان - شۆھرىتىڭ داستان ئۈرۈمچى.

ئاتەش يۈرەك ئىشچانلارنىڭ قان - تىرى بىلەن،
گۈللەپ - ياشناپ خۇشبۇي ئىپار چاچقان ئۈرۈمچى.

مەرىپەتلىك قوچىقىدا سانسىز ئوغۇل ـ قىز،
تەلىم ئېلىپ ئەقىل ـ ئىدرەك تاپقان ئۈرۈمچى.

مەن باقىمەن شەيدا بولۇپ ھۆسنۈڭگە سېنىڭ،
ئۆلكەمدىكى يورۇق يۇلتۇز ـ چولپان ئۈرۈمچى.

ئۆرلە ھامان زەپەر قۇچۇپ يۈكسەك پەللىگە،
ئۇزۇن سەپەر بەيگىسىدە چاپقان ئۈرۈمچى.

بىر گۈللەيمىز سېنىڭ كۆركەم باغرىڭنى يەنە
ئاچتى تارىخ بۈگۈن يېڭى دەۋران ئۈرۈمچى.

1981 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

مەمتىمىن قۇربان

# يۇرتۇمغا مۇھەببەت

## ئاشپەز قىز

ئۆزى پىشۇرغان تاتلىق مانتىدەك،
شىرىن ئۇنىڭ مۇلايىم سۆزى.
ئەسلىتىدۇ سۈزۈك بۇلاقنى
كۈلۈمسىرەپ تۇرغان شوخ كۆزى.

قول قويىمەن بۇ چىۋەر قىزنىڭ
كەسپىدىكى ئەقىل ـ پەمىگە.
سۇ قۇيۇپمۇ بېرەلمەيدۇ بال،
ئۇ ياسىغان تاماق تەمىگە.

1960 ـ يىل، ئاۋغۇست.

## ئاستا ۋە چاپسان

كېچە ئۇزاق بىلىنىدى گويا
تۇرغىنىمدەك يارىمنى كۈتۈپ.
كۈندۈز خۇددى كىرپىك قاققىچە
بىلىنمەستىن كەتتى تېز ئۆتۈپ...

قاراڭغۇ كېچە، بېشىم ياستۇقتا،
تاتلىق ئۇيقۇدىن ئېچىلدى كۆزۈم.

قارىغۇندىم تۈگۈلۈكتىن كۆككە
يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزنى كۆردۈم.

«چاقىقان ئۆچكەن، تاڭ ئاتسۇن» دەيمەن،
ئەمما يۇلتۇز يۇماس كۆزىنى.
گويا ماڭا مەڭگۈ ۋە مەڭگۈ،
كۆرسىتىشكە چىققان ئۆزىنى.

تاقىتىمنى باسالماي ئاخىر،
ئۆي ئىچىدە ياندۇردۇم چىراق.
تەشنا بولۇپ ئۇنىڭغا شۇنچە،
تاڭ ئاتقىچە بىلىندىم ئويغاق.

مانا چەكسىز ئالتۇن دېڭىزدا
ئۈزمەكتىمەن كاراپتەك جۇشقۇن.
لېكىن قۇياش ئولتۇرۇپ بولدى
كۆك لىۋىدە يالتىراپ ئۇچقۇن.

ماڭا بۇ ۋاقىت بىلىندى گويا،
كىرپىك قاققىچە ئۆتۈپ كەتكەندەك.
ئۇنىڭدا تېخى قىزىماي تۇرسام،
خۇددى قۇياش ھېرىپ كەتكەندەك.

1961 - يىل، ئاۋغۇست.

## گىلەم دوپپا

بۇلبۇللار، بېشىمدىن ئايلىنىۋەرمە،
تارتىمىغىن ئۆزەڭچە بىھۇدە جاپا.
بېشىمدا چىمەن يوق (خاتا كۆرۈپسەن)،
كىيگىنىم چىرايلىق بىر گىلەم دوپپا.

بۇ يەرنىڭ قىزلىرى دوپپا تىككىدۇ،
كىيىشكە پايلىماي قاراپ تۇرغۇدەك.
دوپپىدا چىمەننىڭ گۈزەللىكى بار،
بىر كۆرگەن بۇلبۇلنى مەپتۇن قىلغۇدەك.

مېنىڭمۇ بېشىمغا كىيىلگەن بىرسى
بۇ نەپىس دوپپىدىن مىڭلار قاتارى.
كۆرۈنەر بۇنىڭدىن پارتىيە سەپكەن،
نۇر بىلەن ياشنىغان سەنئەت باھارى.

1962 - يىل، سېنتەبىر.

## ئەجرىنى ياندۇرسام

كۈز پەسلى،
بىر باغنى كەزدىم سەيلى قىلىپ،
ئالمىلار شاتلىقىن سۆزلىدى ماڭا:

«مەن ئۈچۈن باغۇنىم تۆككەن ئىدى تەر،
ھە ـ بۈگۈن مېۋىنى سۇنىمەن ئاڭا.»

ئالىمنىڭ سۆزىدە ئېيتىلدى گويا،
قەلبىمدە يالقۇنلاپ يانغان ئارمىنىم:
پارتىيە ئۆستۈردى بېشىمنى سىلاپ،
ئەجرىنى ياندۇرسام بەختىيار ئىدىم...

1963 ـ يىل، ئىيۇن.

## خامان ناخشىسى

راھەتىم، ئالتۇن تېغىم،
پۈتمەس بايلىقىم خامان.
ساڭا قاراپ زوقلاندىم
چىققى ھاردىغىم خامان.

تومۇزدا چىككەم كۆيگەن
سەن ئۈچۈن ئەزىز خامان.
ئالقىنىم قاپارغاچ، سەن —
تاغلاردىن ئېگىز خامان.

زاۋۇتلارغا، كانلارغا
يۈرەك سوغىتىم خامان.

ۋەتەن خەلقىم قاتارى
بەختىم، ئامىتىم خامان.

كۆردۈم سەندە مېھنەتنىڭ،
راھەت ـ زوقىنى خامان.
ئۇلغايتتىڭسەن دەۋرىمگە
مېھرىم ئوتىنى خامان.

1963 ـ يىل، ئىيۇل.

## قولۇمنىڭ ئىزى بار

يۇرىدۇ توپ ـ توپ بوپ ياش قىزلار
ھەممىنىڭ كۆيىنگى ئەتلەستىن.
ھېيت ئويناشى مۇمكىنمۇ ئۇلارغا
شۇ نەپىس ئەتلەسنى كىيمەستىن.

گويا كى شەھەرگە ئاسماندىن،
ئاق، قىزىل چېچەكلەر چېچىلغان.
ئورنىدىن يۆتكىلىپ چىمەنلىك
گويا كى رەستىدە ئېچىلغان.

ئەتلەستە قولۇمنىڭ ئىزى بار،
ئەي قىزلار سىلەرگە ياراشقان.

بىز ئىشچى قىزلارنىڭ ئەقلىمىز،
شۇ گۈزەل ئەتلەسنى ياراتقان.

ئىشلەيمەن شۇڭلاشقا زوق بىلەن
كەسپىمدىن ۋەتەنگە ئاتاپ شان.
«قولى گۈل ئەتلەسچى» نامىم بار،
ساقلايمەن شەرەپنى ھەر قاچان.

1965 - يىل، ئۆكتەبىر.

## نەمۇنىچى قىزغا

چىققان ئىدىڭ سەھنىگە
نەمۇنىچى سايلىنىپ.
شۇندىن بېرى يۈرىگىم
قالدى ساڭا باغلىنىپ.

كېتەلمىدىم كۆن بويى
ئەتراپىڭدىن ئايلىنىپ.
بىر قاراپمۇ قويمىدىڭ
ئاشىغىڭغا قايرىلىپ.

ئۆتۈپ كېتەي ئالدىڭغا
مەنمۇ ئىلغار تاللىنىپ.
ئېرىپ شۇ چاغ يۈرىگىڭ
قالار ماڭا باغلىنىپ.

1978 - يىل، مارت.

## يۇرتۇمغا مۇھەببەت

ئۆز يۇرتىنى سۆيمىگەن كىم بار!
ئوتلىرىدا كۆيمىگەن كىم بار؟
تاشلىرىدىن يۇلتۇزدىنچە
جاندىن ئەزىز كۆرمىگەن كىم بار؟

گۈزەللىكلەر كۆرگەزمىسى — سەن،
باغرى ئىللىق مېھرىۋان يۇرتۇم.
تۆپىلەپ جان قوشۇلار ماڭا
شەرۋىتىڭدىن ئىچسەم بىر يۇتۇم.

كىچىكىمدىن تا ھازىرغىچە
قۇچىقىڭدىن ئايرىلمىدىمەن.
تۇپرىقىڭغا باغرىمنى يېقىپ
مېھرىڭگە ھېچ قانالمىدىمەن.

سۇلىرىڭدا ھەسەل تەمى بار،
شامىلىڭدا قوغۇن پۇرىقى.
نەيلىرىڭگە، راۋاپلىرىڭغا
جۆر بولماقتا بەخت قوشىقى.

شەبنەملىرىڭ مايسىلىرىڭدا
چاقنىتىدۇ قۇياش نۇرىنى.

كۈل جامالىڭ قىلار نامايەن
نەۋ باھارنىڭ خۇشبۇي گۈلىنى.

سەھنە بولدى سالا ئېتىزلىك
تىراكتورلار ماھارىتىگە.
ماشىنىلار بەردى خاتىمە
ئېغىر ئەمگەك ئاسارىتىگە.

ئورمانلىرىڭ يېشىل زەدىۋال،
زەپ ياراشقان ئۇپۇق تېمىغا.
جىمى مىسال تېپىلار سەندە
«راھەت بېغى» دىگەن تېمىغا.

چۆمدۈرمەكتە قەلبىمنى زوققا
يېڭىلىنىپ ھۆسنۈڭ ھەر كۈنى.
ھەسسەمگە ھېچ قانائىتىم يوق،
يۇرتۇم گۈلگە ئوراشتا سېنى.

يۇرتۇم، سېنى كۈيلىدىم، سۆيدۈم
ئۇچقۇنى بۇ ۋەتەن ئىشقىنىڭ.
چاقنىشى بۇ سوتسىيالىزىمغا
چىڭ باغلانغان يۈرەك رىشتىنىڭ.

1978 - يىل، ئىيۇن.

## كاككۇك

كاككۇك، كاككۇك،
ئۇتلۇق ناخشاڭغا،
قۇلاق سالدىم توختاپ يولۇمدىن.
ناخشاڭ بىلەن ئۆزەڭ تەرەپكە،
تارتتىڭ گويا تۇتۇپ قولۇمدىن.

سەن ناخشىنى ئۆگەندىڭ بىزدىن
ئارزۇغا باي يىگىت ۋە قىزدىن.
يېڭى ناخشا ئاڭلاش زوقىدا
كېتەلمەيسەن ئەتراپىمىزدىن.

كۈندە مىڭلاپ ناخشا چىقىدۇ
بۇلاق كەبى يۈرىگىمىزدىن.
ئىلھامنى بىز ئالىمىز چەكسىز
نۇرلۇق، گۈزەل زامانىمىزدىن.

1978 - يىل، ئىيۇن.

## كەلگۈسىدە يازىدۇ كىتاپ

سەھەر ئىدى، ئۈنچە شەبنەملەر
يالتىرايتتى گۈللەر لېۋىدە.

ئولتۇراتتى غۇنچە بوي غۇنچەم
كىتاپ ئوقۇپ گۈلنىڭ تۈۋىدە.

ئۈمىت بىلەن شاتلاندى قەلبىم
پەنگە ئاشىق ئۆسمۈرگە قاراپ.
بىلىم ئالسا كىتاپتىن بۈگۈن
كەلگۈسىدە يازىدۇ كىتاپ.

1978 - يىل، ئۆكتەبىر.

## ئاي ئۈستىگە چىقىدۇ ئۆزى

ئۆت ياشى قىزىم ئاسماننى قاراپ
دىدى «ئاينى ئېلىپ بەر ماڭا»
بالىلارچە سادىدا ئۈمىدى -
غايىسىدىن زوقلاندىم ئاڭا.

يەتكىچە ئۇ مىنىڭ يېشىمغا
ئاي ئۈستىگە چىقىدۇ ئۆزى.
قوللىرىغا بولىدۇ ئۈزۈك
ئاشۇ نۇرلۇق چولپان يۇلتۇزى.

1978 - يىل، سىنتەبىر.

## تەشنا ئەمەسمىز ئەمدى قوناققا

سېتىۋېتىپ ئارتۇق قوناقنى،
گۈرۈچ ئېلىپ كەلدىم بازاردىن.
ئۇزۇن بولغان ئايرىلغىلى بىز،
قۇۋۋەتلىك ھەم تاتلىق غىزادىن.

تېرىغانتىم يەرنى ھۆددىگە
راھەت بىلىپ مۈشكۈل - جاپانى.
خاماندىن مەن تولدۇرۇپ ئالدىم
قوناق بىلەن قانچە تاغارنى.

بۇرۇنقىدەك تەشنا ئەمەسمىز
ھەركۈنلۈكى ئۈچۈۋاق قوناققا.
داستىخاننى ئەمدى يۆتكەيمىز.
پولۇ، مانتا دېگەن تاماققا.

1980 - يىل، ئۆكتەبىر

## شەرەپلىك باي بولۇپتۇ ئۇ

بازار يولىدا بىر دېھقان
ئات مىنىپ ئۆتتى شۇ دەمدە.
تونۇيمەن ئۇنى ئۆتكەندە —
ياشايتتى تۇرمۇشى غەمدە.

شۇ ھالى — تۇرقىدىن بىلدىم
شەرەپلىك باي بولۇپتۇ ئۇ.
تولدۇرۇپ پۇلغا يانچۇقنى
بازارغا شات يۈرۈپتۇ ئۇ.

1980 - يىل، ئۆكتەبىر.

## شائىر دوستۇمغا

بۇرۇنقىدەك يازما يالغان گەپلەرنى
قۇرۇق سۆزگە تولدۇرمىغىن دەپتەرنى.
ئارتۇق دىمە بىر يىلنى بىر ئەسىردىن،
ئۆتەكتىنمۇ چوڭ كۆرسەتمە كەپتەرنى.

يەتتۇق ئادىل گەپ قىلىشىنىڭ قەدرىگە،
ھەقنى سۆزلە — تۆت دىمىگىن ئىككىنى.
تەكرارلىساڭ خوشيا قمايدۇ قۇلاققا،
كۆزۈڭ يۇمۇپ ئوقۇپ كەلگىن زىكرىنى.

قارا دوستۇم — يېڭىلاندى دەۋرىمىز،
يېڭىلىقنى يازغىن يېڭى سۆز بىلەن.
ئىلھام دەريا بولۇپ ئاقار زامانغا —
نەزەر سالساڭ ئۆتكۈر يېڭى كۆز بىلەن.

1980 - يىل، ئۆكتەبىر.

## مەشكە سوئال

مەش ئوتىدىن ئىسسىپ كەتتى ئۆي،
دەرىزىنى ئاچتىم، سوۋۇدى.
دىگىم كەلدى مەشكە شۇ ھامان
ھارارىتىڭ پەقەت شۇمىدى.

قەلبىمىزدە ۋەتەن مېھرىدىن
مۇز تاغلىرى ئېرىپ كېتىدۇ.
ئوت سېغىنسا ئەگەر شاماللار،
بىزنى سۆيۈپ ئىسسىپ ئۆتىدۇ.

1980 - يىل، دېكابىر.

## ھۈنەر - ئۇرۇق

قالغان ئىدى ئاتامدىن ماڭا
مىراس بولۇپ بىر پارچە گىلەم.
ھەر كۈنلۈكى قارايمەن ئاڭا،
شۇ ئاتامنى كۆرگەن كۆز بىلەن.

كىچىكىمدە گىلەم توقۇشنى،
ئاتام ماڭا ئۆگىتىپ قويغان.
كەتسىمۇ ئۇ باقى دۇنياغا،
ھۈنەر، ئەقلى مەن بىلەن قالغان.

گىلەم رەڭگى كەتتى ئۆزگىرىپ،
ساقلىسامۇ قانچە ئاۋايلاپ.
لېكىن قولى بىلەن ئاتامنىڭ
يېڭى گىلەم توقۇدۇم ئۇنلاپ.

شۇڭا مەنمۇ بالىلىرىمغا
قالدۇرىمەن ئەقىل ۋە ھۈنەر.
ھۈنەر ئۇرۇق
تېرىسا ئۈنى،
بىرى ئونغا كۆپىيىپ ئۈنەر.

1980 - يىل، دېكابىر.

## ھەر پەسىلدە ئۆزگىچە بوياق

ھەر قاخشىدا ئۆزگىچە ئاھاڭ
ھەر چېچەكتە ئۆزگىچە پۇراق.
ھەر كۆڭۈلدە ئۆزگىچە ھەۋەس،
ھەر پەسىلدە ئۆزگىچە بوياق.

دەرىزىدە ئېچىلدى مۇز گۈل
كەلگ ۋادىنى قاپلىدى ئاق قار.
ئېيتىڭلارچۇ مۇشۇ گۈزەللىك
باشقا قانداق پەسىللەردە بار؟

1980 - يىل، دېكابىر.

# ھاكىم مېنى مېھمان دىدى

ئۈنى ئىزلەپ كىرگەن ئىدىم ئۆيىگە،
«كەلسىلە» دەپ جاي كۆرسەتتى يېنىدىن.
كىيىملىرىم كونا ئىدى، ئەيمىنىپ —
ئۆتمىدىممەن تۆرگە ئىشىك تۈۋىدىن.

كۈلۈمسىرەپ كېلىپ تارتىپ قولۇمدىن،
ئولتۇرغۇزدى مېنى لۆم-لۆم سافادا.
مەندەك دەرتمەن خوشال بولماي قالامدۇ،
ھاكىم بىلەن ئولتۇرسا بىر قاتاردا.

— كېپ قاپىلىغۇ؟— دىدى ماڭا چاي سۇنۇپ،
يىغلاپ سالدىم سۆزلەۋېتىپ دەردىمنى.
(ناھەقچىلىق خۇددى ئۆششۈك ھەرىدەك
چېقىپ كەلدى مېنىڭ يۈرەك قەلبىمنى).

— سايراڭ دىسە سايراپتىمەن ئالدىنىپ،
«ئوڭچىل» دىدى، قالپاق كىيدىم بېشىمغا.
ئۇ چاغلاردا راست كەپ قىلىش گۇناكەن،
توپا چۈشتى قاچىدىكى ئېشىمغا.

ھەيدۈەتتى ئىدارىدىن يېزىغا،
يىگىرمە يىل نازارەتتە ئىشلىدىم.

ياز كۈنلىرى كېلەلمىدىم جاڭگالدىن
قار پەسلىدە سۇ قۇرۇلۇشتا قىشلىدىم.

ھەركەتلەردە «تۇتقۇ» بولۇپ تۇتۇلدۇم،
سانىغى يوق بولغىنىمنىڭ سازايى.
تۈگەر ئىدى مەن تارتقان شۇ ئازاپتا،
بىر شەھەرگە ئوت قويغانلىقنىڭ گۇنايى.

رادىيودىن ئاڭلىدىمەن تۈنۈگۈن
تۈزەتتى دەپ يالغان، ئۇۋال ئەنزىنى.
كەلدىم شۇڭا ئۆزلىرىگە ھال ئېيتىپ،
سوراپ قويسىلا مەن — پېقىرنىڭ ئەرزىنى...

ئاڭلىدى ئۇ گەپلىرىمنى زېرىكمەي
يېزىۋالدى دەپتىرىگە تەپسىلى.
— ئۆزلىرىدەك باغرى قانلار ئاز ئەمەس، —
دېدى ماڭا بېرىپ ئىللىق تەسەللى.

— دادا، قوپۇڭ، بۇگۈن يېڭى كىنوكەن، —
دېدى سىرتتىن يۈگرەپ كىرىپ بالىسى.
دېدى ھاكىم: — ھازىر ئۆيدە مېھمان بار،
باشقا ئىشقا يوق دادىڭنىڭ چولىسى...

قەددىم تاغدەك كۆتىرىلدى شاتلىنىپ
ھاكىم مېنى مېھمان دېدى ئەمەسمۇ؟

ھەل بولۇشقا ئىشەنچ قىلدىم مەسىلەم،
ھاكىم مېنى تەڭتۇش بىلدى ئەمەسمۇ.

ھاكىم بولسا شۇنداق ئادەم بولسىكەن،
ئاڭلايدىكەن پۇقرالارنىڭ پىكرىنى.
ئۇنىڭ ئاددى خىسلىتىدىن كۆردۈمەن
پارتىيىنىڭ شەپقىتىنى - مېھرىنى.

1981 - يىل، يانۋار.

## رەسسامغا

كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇردۇ
تونۇغاندەك گوياكى مېنى.
بىلدىم ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن
ئويلاۋاتقان يۈرەك سۆزىنى.

سورىماقچى بولۇپ «سىز كىم» دەپ،
تۇتۇۋالدىم ئۆزەمنى دەرھال.
تاس قاپتىمەن رەسىمگە قاراپ
تونۇشاي دەپ سوراشقا سوئال.

يارىتىپتۇ ئادەمنى رەسسام
بىر پارچە ئاق قەغەز ئۈستىدە.

يارىتىپتۇ دەۋردىم روھىنى،
مۇجەسسەم قىپ قەلبى، ھۆسنىدە.

رەسسام، سېنىڭ سىزغان ئادىمىڭ،
گويا يولدا ئۇچرايدۇ ماڭا.
يۈرىكىمدە ئىززەت - ھۆرمىتىم
قايتىمدىن كۆپ ئۇلغايدى ساڭا.

1981 - يىل، مارت.

## كىچىك تەمبۇرچىغا

ئون سەككىزگە كىرمەپسىز تېخى
(ئەمەسكەنسىز رەسمى گىراژدان)
ئەمما تەمبۇر چېلىشىڭىزدىن
تاپالمىدىم قىلچىلىك نۇقسان.

سىرتتا تۇرۇپ ئاڭلىغان كىشى
دەيدۇ: «بۇندا بارمۇ ھۇسەنجان»*
سىڭىپ كەتتى سىم ساداسىغا
ئاۋازىڭىز يېقىملىق - راۋان.

ئەرشتە تۇرۇپ كۆلمەكتە ئەنە،
سىزگە قاراپ ئاماننىساخان.
مەنىستىمەيتتىم ياشلارنى ئانچە
بۇ پىكىرىمنى قىلدىڭىز ۋەيران.

* ھۇسەنجان جامىنى دېمەكچى.

چىن قەلبىمدىن قىلدىم شۇ تاپتا،
سىزگە شاگىرت بولۇشنى ئارمان.
ئوتتۇزلاردىن ئاشسا يېشىڭىز
سىزگە قايىل بولغۇسى جاھان.

بىلسەم شاگىرت ئاشپەز ئىكەنسىز،
كۆنلەپ خېمىر يۇغۇرىدىغان.
كىمدۇ سىزنىڭ يۈرىكىڭىزگە
بۇ ئىشتىياق ـ ھەۋەسنى سالغان؟

بارىكاللا! بارماقلىرىڭىز
دەرت كۆرمىسۇن تىرىشچان ئوغلان.
سىزدەك جۇشقۇن ياش تەمبۇرچىغا
تەشنا بىزنىڭ بەختىيار زامان.

1981 - يىل، ئاپرېل.

## خىزمىتىدە بولغىن ئاناڭنىڭ

ئاناڭ يوقلاپ كەلگەندە سېنى،
كۆڭۈل بۆلمىدىڭ ئۇنىڭ ھالىغا.
«كىر يۇيۇڭ» دەپ ئەكىلىپ قويدۇڭ،
سوپۇن بىلەن داسنى ئالدىغا.

يەتمىدىمۇ كۆدەكلىكىڭدە
يۇغانلىرى چۆشەكلىرىڭنى.

يەتمىدىمۇ يىگىتلىكىڭدە
چۈشەنگىنى ئۈستەكلىرىڭنى.

يەتمىدىمۇ سەن كېسەل بولساڭ
ئازاۋىنى ئاناڭ تارتقىنى.
يەتمىدىمۇ سېنى قۇرۇقداپ،
ھۆل كۆرپىدە ئۆزى ياتقىنى.

ۋۇجۇدىدىن سۈتنى يەتكۈزۈپ —
بەرگەن ئاشۇ ئاناڭ ئەمەسمۇ؟
ياشلىقىنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ-
بەرگەن ئاشۇ ئاناڭ ئەمەسمۇ؟

ئوتتۇزلاردىن ئاشسىمۇ يېشىڭ
چۈشەنمەيسەن ئانا قەدرىنى.
(ئويلايتتىڭمۇ ئىنسان بالىسى
قايتۇرۇشنى ئانا ئەجرىنى).

باشلىمايسەن نېچۈن ئاناڭنى
ھەشەمەتلىك مېھمانخاناڭغا.
سېنىڭ بارلىق ئىززەت - ھۆرمىتىڭ
ئەمەسمىدى مەنسۇپ ئاناڭغا؟!

كىر يۇقمىدۇ دىدىڭمۇ ياكى
ئۇ ئولتۇرسا پاكىز سافاغا.

يارالغانمۇ راھەت ئۈچۈن سەن،
يارالغانمۇ ئاناڭ جاپاغا.

رەپىقەڭنىڭ ئاناڭنى كۆرۈپ
تۇرۇلدىمۇ ياكى چىرايى؟
(كېلىن ئۈچۈن ھەممىدىن يامان
قېينانىنى خورلاش گۇنايى).

سېنى دىلدىن سۆيسە رەپىقەڭ
ئالالمىسۇن ئاناڭغا ھەرگىز.
(سۈرۈشتۈرسە ئۆۋەت بويىچە،
ئاناڭ ئاڭا سېنىڭدىن ئەزىز).

رەپىقەڭنىڭ سالغىن يادىغا،
ئۇمۇ ھامان بولىدۇ موماي،
رەنجىمەمدۇ ئۇنىڭمۇ كۆڭلى،
يۈرسە ئوغلى ھېچ كارى بولماي؟

ئاتمىشلاردىن ئېشىپتۇ ئاناڭ
ئېگىلىپتۇ يادەك گەۋدىسى.
(سېنىڭ بالاڭ بىلەن قوشقاندا
ئاشىدىكەن ئوندىن نەۋرىسى).

ئەلپازىدىن كۆردۈم ئاناڭنىڭ
بارمايدىكەن ئۇزاققا ئۆمرى.

ئارام ئالماي شۇ ھالەتتىمۇ،
سىنىڭكىگە تارتىپتۇ كۆڭلى.

(سىغىنىشنىڭ كۈچىدىن سىنى،
مىڭىپ كەپتۇ ھاسا تايىنىپ.
بانا قىلىپ «ئالدىراشلىقىنى»
يوقلىمايسەن ئۆيىگە بىرىپ).

تاپىنىغا سۆيگىن ئانائىنىڭ،
ئوتى بىلەن كۆيگىن ئانائىنىڭ.
كۈندە سەھەر - ئاخشاملىرىدا
خىزمىتىدە بولغىن ئانائىنىڭ.

ياسىساڭمۇ ئالتۇن - كۈمۈشتىن،
ئانائى ئۈچۈن گۆرنى - قەۋرىنى.
ئۇنىڭ ساڭا تۆككەن ئەجرىدىن
ياندۇرالمايسەن مىڭدىن بىرىنى.

1981 - يىل، ماي.

## ئۇلگە قىلاي تالنى مەن

ماختاپتىكەن قەدىمدا بىر پادىشا
بىر تال ئۈزۈم سىلىپ تۇرۇپ ئاغزىغا:
«شىرىنلىكتە قايسى يىمىش دۇنيادا
ئۆتەلەيدۇ بۇ مىۋىنىڭ ئالدىغا...»

رىۋايەتمۇ بار: بىر دانە ئۆزۈمنى
قىرىق كىشى يەپ قۇتۇلغان ئاچلىقتىن.
ئۆزۈم دىگەن ئەسلى جەننەت يېمىشى،
قېلىشمايدۇ قىممىتى سۇ، ئاشلىقتىن...

راست سۆزلىگەن شۇگەپلەرنى دىگەنلەر،
دىلدىن قايىل ئاگا ئۆزۈم يىگەنلەر.
ئۆزۈم يىسە ئەسكە ئالار تالنىمۇ،
بالا ئاندىن تۇغۇلۇشىنى بىلگەنلەر.

تالنى كۆرۈپ دوڭغاق دەيدۇ نادانلار،
چۈشەنمەيدۇ كەمتەرلىكنى - سالامنى.
تال ئىنسانغا تۇرار شۇنداق ئېگىلىپ
«قوبۇل قىلىڭ. دەپ، مۇۋەمنى - سوغامنى».

خەلقىم ئۈچۈن پەس تۇتىمەن بويىنۇمنى
ئۈلگە قىلىپ ئاشۇ كەمتەر تالنى مەن.
مەيلى دەيمەن دۆمچەك دىسە چۈشەنمەي،
ئايىمايمەن يەنە ئۆزۈم — بالنى مەن.

1981 - يىل، ماي.

## بېلىققا قاراپ

سۇدىن قاچان ئايرىلىپ قالساڭ
تۇگەيدىكەن شۇ چاغ ھاياتىڭ.

ئەسقاتمىسا ئۆلۈم پەيتىدە
نىمە كېرەك بىرجۇپ قانىتىڭ!

ماڭالمايسەن ياكى تۇپراقتا
ئۇچالمايسەن ياكى ئاسماندا.
سەندەك ئۆلۈم ئالدىدا زەئىپ —
جانلىق بارمۇ يەنە جاھاندا!

(ئۆدەك سۇدا سەزسە خەتەرنى
دەرھال ئۇچۇپ كېتەر ھاۋاغا.
تاپالمىسا ئاسماندىن ئوزۇق
يەنە قايتىپ چۈشەر دالاغا).

مەن ئوغلۇمغا قىلدىم نەسىھەت:
«ئىگەللىگىن كۆپرەك ماھارەت.
بىرلا ھۈنەر بىلىمىڭ بىلەن
بىلىققىلا ئوخشايسەن پەقەت...»

1981 - يىل، ماي.

## بۇلۇت ۋە دىخان

بەكمۇ خوشال بولدى دىخانلار
ئاسماندىكى بۇلۇتنى كۆرۈپ.
باشلىغانتى نابۇت بولۇشقا
ئېتىزدىكى مايسىلار قورۇپ.

مانا هازىر ياغىدۇ يامغۇر،
ياشىرىدۇ زەئىپ مايسىلار.
داستىخانلار بولۇر باياشات
زىرائەتلەر سۇغا قانسىلا.

ئەپسۇس، سۇرۇپ كەتتى بۇلۇتنى
كۆتىرىلىپ تۇيۇقسىز شامال.
تەبىئەتنىڭ ئىختىيارىنى
قىلالمىدى چەكلەشكە ئامال.

ئۆتتى شۇنداق تالاي بۇلۇتلار
ئارزۇلارنى چىقىرىپ يوققا.
ئىشەنمىدى شۇڭلاشقا دىخان
ئالدايدۇ دەپ قاراپ بۇلۇتقا.

يامغۇر ياغدى شاقىراپ يەرگە
پەقەت بۇگۈن كەلگەن بۇلۇتتىن.
ياشنىماقتا راستىنلا شۇڭا
دىخان كۆڭلى ئىشەنچ ئۇممىتتىن.

1981 - يىل، ئىيۇل.

## مېنى كۆرسەڭ

ئۇدۇل كەلدىڭ، مېنى كۆرۈپلا
جىم توختىدىڭ تاتىرىپ يۈزۈڭ.
قەلبىڭدىكى ئازاپلىنىشنى
ئەينەك بولۇپ كۆرسەتتى كۆزۈڭ.

چۈشەندىمكى، ئۇنتۇماپسەن ھېچ
ماڭا قىلغان شۇملۇقلىرىڭنى.
ئۆز ئورنىڭغا مېنى ئىتتىرىپ
قىلغان ھىلە - قۇۋلۇقلىرىڭنى.

«... تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى» بولۇپ
بەش يىل ناھەق ياتتىم تۈرمىدە.
بالىلىرىم پاناسىز قېلىپ
خار ياشىدى ئۆگكۈر - گەمىدە.

ئۆزەڭنى دەپ مۇپتىلا قىلدىڭ
«سىردىشىڭ» نى دەرتكە - بالاغا.
يۈرۈپسەنغۇ يەنىلا يەردە،
چىقالماپسەن ئەرشى - ئەلاغا.

كېپىسىۋېلىپ تىلىمگىنى ھازىر
چانىسامىمۇ چىقمايدۇ دەردىم.
«خەير، قاننى قان بىلەن يۇماي»
دەپ ئۆزەمگە تەسەللى بەردىم.

سورۇسامىمۇ كونا سامانىنى
موما تۆۋىگە چۈشمەيدۇ چەش - دان.
خاتىرجەملىك. تېچ - ئىناقلىققا
ئىنتىزاردۇر بۈگۈنكى زامان...

چاندۇرماستىن ئالدىڭغا كەلدىم
كۆرۈشەي دەپ قولۇمنى تەڭلەپ.
نەچچە يۇمۇپ ئاچتىڭ كۆزۈڭنى،
گەپ قىلالماي قالدىڭ تەمتىرەپ.

سۇغا چۈشۈپ تۆھمەت قەغىزىڭ،
يورۇقلۇققا چىقتىم ئاخىرى.
شۇڭا مېنى كۆرسەڭ، دىلىڭنى —
ئازاپلايدۇ ۋىجدان خەنجىرى.

1981-يىل، ئاۋغۇست.

## يولغۇننى ئويلىسام

ئۆتىۋەرمەس شات - خورام،
ئادەم ئۆمرى ھەمىشە.
ئەسىر قىلار بەزىدە
قايغۇ - ھەسرەت، ئەندىشە.

روھىم مەيۇس چاغلاردا
كۆز سالىمەن يولغۇنغا.
بېرەر ئىلھام - تەسەللى
كۆڭلى يېرىم - سولغۇنغا.

ئاغرىنمايدۇ ئۇ ھەرگىز:
«باغدا ئورنۇم يوقكەن» دەپ.

مەغرۇرلانماس: «چىچىگىم
قىزىلگۈلدىن تۇققەن» دەپ.

كۆرەڭلىمەس: «ياغىچىم
ھەممىدىن چىڭ - پۇختا» دەپ.
داتلىمايدۇ: «چۆللەردە
قالدىم بوران - جۇتتا» دەپ.

ئوغۇت، سۇ ھەم پەرۋىشنى
شەرت قىلىدۇ زىرائەت.
لېكىن يۇلغۇن ئۆسىدۇ
قىلىپ شۈكرى قانائەت.

خىسلىتىنى يۇلغۇننىڭ
كۆچۈرىمەن قەلبىمگە.
شەرتسىز خىزمەت قىلىمەن
ئۆمۈر بويى خەلقىمگە.

كەلمەس ماڭا چۈشكۈنلۈك
خەلقىمگە شەرت قويمىسام.
مەيۈس روھىم جۇش ئۇرار
مەن يۇلغۇننى ئويلىسام.

1981-يىل، ئاۋغۇست.

# چۈشەنمىدى قەدرىمنى

(يۇمۇر)

ئورنىمىزغا يېڭىدىن
تەيىنلەندى بىر باشلىق.
سالام بىلەن قول بەردىم
قىلىپ ئاڭا ھىسداشلىق.

«سىردىشايلى» دېسەم، ئۇ
كىردى دەرھال ئۆيۈمگە.
شىرىن ئۈمىت - ئارزۇلار
قانات قاقتى كۆڭلۈمدە:

«بولسا ئەگەر بۇ باشلىق
يېقىن يۆلەك - سىردىشىم.
قايتىپ كېلەر قولۇمغا
بىر دەرىجە مۇئاشىم.»

تەييارلىدىم داستىخان
كاۋاپ بىلەن ھاراقتىن.
ھازىرلىدىم چاينىمۇ
تۇخۇم، شېكەر، قايماقتىن.

ئازراق ئېغىز تېگىپ ئۇ
توختىۋالدى غىزادىن.

دىدىم: — مېنى ياراتماي
ئۆلسۇن دەملا ئىزادىن؟!..

جۇپ رومكىنى لىقمۇ-لىق
هاراق بىلەن توشقۇزدۇم.
ئۇنىمىسا ئۇنىماي
بىرنى ئاڭا تۇتقۇزدۇم.

سۆزلىدىم: — مەن ياشى بولغاچ
كۆپتۇر نۇقسان - خاتالىق.
بىپەرۋالىق، بىلمەسلىك
هەم هورۇنلۇق... قاتارلىق.

چىن سەممى تەربىيە
غەمخورلۇققا تەشنامەن.
ئۆزلىرىدەك كەڭ قوساق
رەهبەرگە دوست - ئاشنامەن...

سۆزلەپ بەردىم ئۇنىڭغا
ئۆتكەنلەرنى بېشىمىدىن.
دىدىم: — دەردىم كۆپ مېنىڭ
بېشىمدىكى چېچىمىدىن.

كونا باشلىق چوقامدىن
بىسىپ كەلگەن ئۇزۇندىن.
ياخشى بولدى كەتكىنى

ئۇنىڭ مۇشۇ ئورۇندىن.

ئىچمىگەچ ئۇ ھاراقنى
تۇرالمايتتۇق سىردىشىپ.
كېتەلمىگەن مەن بىلەن
ھىسسىياتتا بىرلىشىپ...

(ئاڭلىدى ئۇ دەردىمنى
بولۇپ خىيال ئەسىرى.
چوڭ بولدى دەپ ئويلىدىم
سۆزلىرىمنىڭ تەسىرى)،

... يۈز ـ خاتىرە قىلمايتتى
قالسام ئىشقا كېچىكىپ.
ئاچچىق تەنقىت قىلاتتى
سۆزلەپ **قۇرۇق** پىرىنسىپ.

بىر قېتىم **چوڭ** يىغىندا
تۆكتى ئا**بروي** ـ يۈزۈمنى:
«ئىشتىن بۇرۇن قايتىپسىز
بىلىپ تۇرۇپ تۈزۈمنى.

ھاراق ئىچىپ ھەركۈنى
مەس كېلىسىز سېخقا سىز.
ساۋاق قوبۇل قىلمامسىز
ئۇسسۇمەستە مىخقاسىز؟...»

يوقمۇ مېنىڭ ساۋادىم
ئۇ بىلگەن سىياسەتتىن؟!
كىم خالى بولالايتتى
بىرەر نۇقسان ـ ئىللەتتىن؟

...بۇندىن كېيىن ھەر ئىشتا
ئۆزلىرىنى قوللايمەن.
بولۇپ كۆچلۈك يار-يۆلەك
جانىنى تىكىپ قوغدايمەن.

كۆتىرەيلى قەدەھنى
تۇتاشسۇن دىل رىشتىمىز.
لاۋۇلدىسۇن ئەبەتكە
بىزنىڭ دوستلۇق ئىشقىمىز...

باقسام ئۇنىڭ چېھرىگە
بۇزۇلۇپتۇ ئەلپازى.
بىلدىم: كونا باشلىققا
بولدى ئۇمۇ نارازى.

ئەمما ئۇنىڭ جاۋابى
نەشتەر بولدى كۆڭلۈمگە.
(بۇ ئادەممۇ كېيىنچە
جىن كۆرۈندى كۆزۈمگە).

—خاپا بولماڭ ھاراقنى
بەرسەم سىزگە ياندۇرۇپ.
چۈنكى سىزگە ياخشىلىق
قىلالمايمەن قايتۇرۇپ.

سىردىشىشتا — دوستلۇقتا
ھاراق ئىچىش شەرت ئەمەس.
خوشامەتچى، غەيۋەتخور
چۈشىنىڭكى: مەرت ئەمەس.

مېنى ماختاپ، ئۆزگىنى
تىللىدىڭىز ئوزۇنسىز.
يامان تەسىر بېرىپسىز
كۆپچىلىككە بۇرۇن سىز.

ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز
خاتالىقنى تۈزىتىڭ.
قوللىسىڭىز سىز مېنى
توغرا ئەقىل كۆرسىتىڭ...

بولمىدى ماڭا ھازىر
داستىخاننىڭ ھۆرمىتى.
ئوتتۇز كويدىن ئارتۇقتى
نېمەتلەرنىڭ قىممىتى.

— ئالدىرايمەن يىغىنغا، —
دىدى تۇرۇپ ئورنىدىن.
تازىم بىلەن ئۈزىتىپ
كۆز ئالايتتىم كەينىدىن.

ھىچكىم ياخشى دىمىدى
باشلىق تۈگۈل باشقىلار.
بۇ ئورۇنغا كەلمىسەم
بولغان ئىكەن باشتىلا.

چۈشەنمىدى قەدرىمنى
كىچىك كۆز توم تۇۋاقلا.
كېتەي ئۈزەم يۈتكىلىپ
بۇ ئورۇندىن يىراقلا.

1981 - يىل، ئاۋغۇست.

## تۇخۇم

(دېھقانلار تىلىدىن)

كەلتۈرۈلدى پىشۇرۇلغان تۇخۇملار
داستىخاندا تەخسە بىلەن ئالدىمغا.
شاتلىغىمنىڭ دولقۇنىغا ئەگىشىپ
نامرات كۈنلەر كەلدى شۇدەم يادىمغا.

بىكار يۈرۈپ تۇغسا بىرنى مىكىيان
بولاتتى ئۇ ئىككى موغا سازاۋەر.
بولالمىغان ئىشلىسەمۇ كۆن بويى
دارامىتىم بىر تۇخۇمغا باراۋەر.

چۆمۈچ ئۆتكەچ ئۆزىمىزنىڭ قولىغا
ئاشتى بۇيىل دارامەتمۇ ھەسسىلەپ.
سوتسىيالىزىم ئۆزى مۇشۇ ئەمەسمۇ
تۇخۇم يىسەك سانىمايلا تەخسىلەپ.

1981 - يىل، ئاۋغۇست.

## بۇ ھۆرمەتكە شىرىك سەنمۇ

(بىر ئالىمنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن)

يۈرىكى بارئىدى مەندە تاھىرنىڭ، سەندە زۆھرەمنىڭ،
ۋاپاسى بارئىدى مەندە نۇرۇمنىڭ، سەندە غۇنچەمنىڭ.
ئۆزگىرىپ قىشقا ئۇشتۇمتۇت يازدىن ھاۋاسى ئۆلكەمنىڭ،
ئىناۋەت قىممىتى سۇندى كەشپىيات ھەم ئەقىل - پەمنىڭ،
قولۇمنى باغلىدى شۇملار ئېلىپ ئۇستىگە يەلكەمنىڭ،
ماگا جان بەردى زىنداندىن ئاۋازى يۇرتتى كۆلكەمنىڭ.

گۇنا بولدى ماگا ئىبىي كىتاپتىن بىرنى يازغانلىق
بۇچاققا كۆرمىگەن ھىچكىم گۆھەردىن بىرنى قازغانلىق.

دېدىڭ قوللاپ: «بۇ ئاغرىققا شىپالىق قولنى سوزغانلىق»
دېدى ئىنسىيانچىلار: «... ئايىنىپ قىزىلدىن ئاققا ئازغانلىق...»
دېدىم: «قىلمىشلىرىڭ ئەلنىڭ بەخت بېغىنى بۇزغانلىق»
ئازاۋىنى ئايان قىلدى ماڭا كۆرنىڭ – جەھەننەمنىڭ.

تۈرمىگە كىرمىگەن بولسام سېنى دائىم كۆرەلەيتتىم،
خوشاللىق ئىلكىدە كاككۇك كەبى خەندان كۈلەلەيتتىم.
تىبابەت غەزنىسى ئىچرە يەنە چوڭقۇر كىرەلەيتتىم،
ۋەتەن – ئەلگە قىلىپ تۆھپە يېڭى مىۋە بېرەلەيتتىم.
تۇغۇلغانغا بولۇپ مەمنۇن ھايات زوقى سۈرەلەيتتىم،
تاغلىرى ئاستىدا قالماس ئىدىم ھەسرەت بىلەن غەمنىڭ.

ۋۇجۇدۇمغا قۇۋۋەت ئالدىم ئېيتىپ يات سەن دىگەن سۆزنى:
«ۋاپا قىلغىن ئەقىدەڭگە جازادىن قوشسىمۇ يۈزنى...»
رىغبىتىمنىڭ دىلدا چاقناتتى ئۈمىتتىن شولا – يۇلتۇزنى
گويا كۆردۈم قىزىل ياقۇت كەبى، ئايدەك تولۇن يۈزنى،
جۇدالىق ياشلىرى تولغان بۇلاقتەك جۈپ قارا كۆزنى،
مانا شۇندىن بېرى قاچتى كۆزۈمدىن ئىزى ياش – نەمنىڭ.

ئامال ئويلاپ تېپىپ چارە يېرىپ قورشاۋ – كۈزەتلەرنى،
ماڭا سەن مەخپىي يەتكۈزدۈڭ قەلەمنى نەچچە دەپتەرنى،
داۋالاشنىڭ يېڭى ئىلمى يولى ھەققىدە خەتلەرنى —
يېزىپ مەن تولدۇرۇپ چىقتىم ھىساپسىز بەتنى – بەتلەرنى.
يېزىپ چىقتىم ئۆزەم كۆرگەن ئۇتۇق – مەغلۇبىيەتلەرنى،
يەنە تەتقىق قىلىپ چىقتىم تەسىرىن سۇ، ھاۋا، يەمنىڭ.

يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتىم قۇتۇلۇپ تۇرمە ـ زىنداندىن
ئازات بولدۇڭ جېنىم سەنمۇ ئازاپلىق قايغۇ ـ پىغاندىن.
ۋىسالىڭنىڭ لەززىتى شېرىن ئىكەنغۇ كېيىنكى ھىجراندىن
(ئايرىلىپ ئۇچرىشىش تاتلىق قەدرىسىز بىللە تۇرغاندىن)
ئىشەندىم يەڭگىنىڭگە مەن تۆمەن دەرتلەرنى ۋىجداندىن،
ئاتتىم ئۆزەمنى قوينۇڭغا ۋاپادارسەن مەلىكەمنىڭ.

ۋەتەن بەردى ماڭا ئالىي دىگەن ئۇنۋانىنى ـ ھۆرمەتنى،
بېيجىڭ، شاڭخەي، شىئەن ...لەرنى كۆرۈشكە كەڭرى پۇرسەتنى.
بۇ ھۆرمەتكە شېرىك دەيمەن سېنىڭدەك ياخشى ئۇلپەتنى
زامان ئۇلغايتتى كەسپىمگە يۈرىكىمدە مۇھەببەتنى.
داۋالايمەن كېسەللەرنى قەدىرلەپ ئۇشبۇ رىغبەتنى،
شەرەپ بارمۇ جېنىمنى قۇتقۇزۇشتەك نەسلى ئادەمنىڭ.
1981-يىل، ئاۋغۇست.

## دۇتارىم

سېنىڭدىن ئۆزگە يوق مەنچۈن ئىمتائەت قىلغۇچى يارىم،
سېنى چالسام غېمىم قاچقاي، ئېچىلغاي دىلدا گۈلزارىم.
ئارانلا ئىككى تال تارىڭ گۈزەل مىڭ خىل سادا بەرگەي،
چىدالمايمەن سېنىڭدىن ھىچ جۇدا بولماققا ھەمرايىم.

كۈمۈش تارىڭ قولۇم بىرلە يۈرىكىمگە تۇتاشقاندۇر،
سېنىڭدىن ئەلگە ئاشكارا خوشاللىق ياكى مۇڭزارىم.
جاراڭلىق دىل خۇمار ناخشام ۋەتەن خەلقىمگە تۆھپەمدۇر،
قورالىمسەن، سېنى سۆيمەك شەرەپتۇر مەڭگۈ دۇتارىم.
1981-يىل، سېنتەبىر.

## يالقۇنى بۇ يۈرەكنىڭ

ئولتۇراتتىم شېئىرلارنى كۆچۈرۈپ
كۈلۈمسىرەپ كەلدى بىرى يېنىمغا.
— بۇ شېئىرغا يۈز كوي بارمۇ؟ — دېدى
بۇ گەپ تاشتەك قاتتىق تەگدى جېنىمغا.

بولسام ئەگەر پۇل تېپىشنى ئويلىغان
بۇنىڭدىنمۇ باشقا بارغۇ تىجارەت.
ياغاچچىلىق، قاسساپلىق، يا ناۋايلىق...
شۇغۇللانسام كۆرىمەن كۆپ تاپاۋەت.

باھاسىنى - قىممىتىنى شېئىرنىڭ
ئۆلچىگىلى بولماس ھەرگىز پۇل بىلەن.
ياخشى شېئىر چاچار شولا، خۇشپۇراق،
پۇل باراۋەر گويا قەغەز گۈل بىلەن.

شېئىر دېگەن يالقۇنى ئۇ يۈرەكنىڭ
مېھنەت ئۇنىڭ يېقىلغۇسى - كۆمۈرى.
بىلسېپ قويۇڭ: مىسرا بولۇپ قەغەزگە —
تىزىلغىنى شائىرنىڭ قان تومۇرى.

1981 - يىل، سېنتەبىر.

## تاشقا قاراپ...

دۇرۇلسا ياغاقنى قىلىدۇ كۆكۈن،
بازغاننىڭ ئاستىدا بولىدۇ تالقان.
يۇۋاشقا زالىمدۇر، ياماندا بوزەك،
تاشى مۇشۇ ئىللەتتە مەۋجۇتتۇر ھامان.

1981 - يىل، سېنتەبىر.

## دوستۇم بولساڭ

سۆز بولغاندا سەمىمىلىك ھەققىدە
مەن ئەينەكنى كەلتۈرىمەن يادىمغا.
چىرايىمدا نىمە بولسا يوشۇرماي
كۆرسىتىدۇ قويسام ئۇنى ئالدىمغا.

دوستۇم بولساڭ ئەيىۋىمنى سۆزلىگىن
يۈز - خاتىرە قىلما گويا ئەينەكتەك.
كېيىن ئەگەر دومىلىسام بىراقلا،
ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاشلىرىڭ نە كېرەك؟

1981 - يىل، سېنتەبىر.

سىدىق قاۋۇز

# قەترە

# ناخشا خۇمارى

زوقلىنىپ بوستاندا ناخشا ئېيتىمەن،
ھۆر، ئازات دەۋرىمنى كۈيلەپ، ئۇلۇغلاپ.
چېكىلسە يۈرەكىنىڭ ئىلھام تارىسى،
ئاقىدۇ تىلىمدىن ناخشا بۇلۇقلاپ.

تۇغۇلۇپ سەنئەتنىڭ ماكانىدا مەن،
بولدۇمكى بىر ئوغۇل، ناخشىغا خۇمار
ئەقلىمگە كىرىپلا ناخشىغا كۆيۈپ،
مەن ئۇنى ئۆزەمگە قىلدىم دىلتۇمار.

غەمگۇزار پارتىيەم - رولچىمغا ھامان
ئاقىدۇ ناخشامدا قىزغىن سۆيۈنۈش.
ئاياندۇر ناخشىمدا ۋەتەنگە مېھرىم،
دۈشمەنگە دەرغەزەپ، دوستقا كۆيۈنۈش.

ناخشىدۇر قەلبىمنىڭ روھى ئوزۇقى،
ناخشىسىز كۈنلىرىم تاپمايدۇ مەنا.
ناخشىدىن بىلىنمەس ماڭا يالغۇزلۇق،
ئەل بىلەن بىللىمەن يۈرسەممۇ تەنھا.

ناخشىدۇر يولۇمدا قەدىناس ھەمرا،
ئېتىزدا ئىشىمنىڭ چىن مەدەتكارى

ناخشىدۇر سىردىشىم، يېقىن ئۈلپىتىم،
ناخشىدۇر تېنىمنىڭ قۇۋۋەت ـ مادارى.

ناخشا ۋە ئۇسسۇلنىڭ يۇرتىدا ئۆسۈپ،
قىلدىمەن ناخشىنى كۆڭۈل تۇمارى.
ياڭرايدۇ بىر ئۆمۈر ناخشام جاراڭلىق،
چۈنكى مەن ئاشۇنداق ناخشا خۇمارى.

1960 ـ يىل مارت، گۇما.

## نىگار

تاڭ سەھەر ئېتىزنىڭ باغرىدىن،
بۇلبۇلنىڭ كۈيىنى ئاڭلايمەن.
شۇ مەھەل زوقلىنىپ سەھەرنىڭ —
پەيزىنى ھەممىگە داڭلايمەن.

بۈگۈنمۇ چىققانتىم ئېتىزغا،
چېلىقتى كۆزۈمگە پەرى قىز.
يەلكىدە كەتمىنى، خۇش چىراي،
شۇ نىگارمەن سارى كەلدى تېز.

ھە، مانا ئېرىقنى ياقىلاپ،
مايسىزار ئېتىزغا تۇتتى سۇ.

پىنھاندا تۇرسامەن سۆيۈنۈپ،
باشلىدى زوق بىلەن ناخشا ئۇ:

«مول ھوسۇل ئىشقىغا چۆمۈلگەن
يېزىنىڭ بەختىيار قىزىمەن.
بارچىلار قىز دەيدۇ، بىراق مەن
ئۆزەمنى يىگىتتەك سېزىمەن.

ھەر تاڭدا كاككۇكنى ئويغىتىپ
ئېتىزدا باشلايمەن ناخشىنى.
چاقىرىپ سېپىمگە مەرتلەرنى
ئەمگەكتە تاللايمەن ياخشىنى.

سەپەردە ـ شىددەتلىك چېلىشتا
ۋاقىتنىڭ تىزگىنى قولۇمدا.
يارىمغا ياندىشىپ بارىمەن
ھەر قاچان يۈكسىلىش يولۇمدا».

ئۆركىلەي جانانىم ناخشاڭدىن،
سالدىڭسەن ئاتەش ـ ئوت دىلىمغا.
سەن چېكىپ قەلبىمنىڭ تارىنى،
ئەڭ يېقىن بوپ قالدىڭ تىلىمغا.

قاينامغا چۈشەلەڭ راست بەستىڭدىن —
يىگىتلىك غەيرىتى سېزىلەر.

قولى گۈل چەۋەنداز ئىشىگىدىن،
داللار كەشتىدەك بىزىلەر.

«ئى نىگار، يۇرتۇمنىڭ يۇلتۇزى، —
دىدىمەن كۆڭلۈمدە، ياشاپ كەت!
زور غەيرەت جارىدا ئاشلىقتىن
كۆئپىنلۈن تېغىدەك خامان ئەت!

1961 - يىل ئىيۇن، گوما.

## ۋەدە

چىغىردا ئولتۇرسام كەچ مەھەل،
ئاغىنەم خۇش خۇيلا سۇندى خەت.
خىياللار قوينىغا شۇڭغىدىم،
شۇ خەتنى ئوقۇپ مەن ئىككى رەت.

× ×

بارىقسان ئالمىنىڭ تۈۋىدە،
بىز ئىدۇق مېھرلىك بىقمىشقان.
كۆگۈللەر سىرىنى ئىزهار قىپ،
سۆيگۈگە باغرىمىز يېقىشقان.

قولۇڭدا بىر دەستە قىزىلگۈل،
سەن ماڭا خۇشى چىراي بېرەتتىڭ.

ئاناردەك چوغلىنىپ يۈزلىرىڭ،
دىلىڭدىن مەرۋايىت تېرەتتىڭ.

مەن دېدىم: «سەندىكى پاراسەت،
قەلبىمنى ماگنىتدەك تارتىدۇ.
خۇمارلىق بېقىشىڭ ئۈستۈمگە،
مۇھەببەت يۈكىنى ئارتىدۇ.

دىلرەبا مەن ساڭا دىل بەردىم،
خالىساڭ قوبۇل قىل ئەرزىمنى.
ئۆمۈرلۈك ئىشىڭدا بولاتتىم،
گەريەردە قويمىساڭ لەۋزىمنى.»

ئېسىتتە، يۈرىكىم قېتىدا،
سۆزۈمگە جاۋابەن دېگىنىڭ.
تەبەسسۇم كۆزۈڭنى ئوينىتىپ،
ئىشەنمەي غېمىمنى يېگىنىڭ.

«مەرت يىگىت گەپلىرىڭ راست بولسا،
مېنىڭمۇ تىلىمدىن لەۋزى ئال.
ئەمگەكتە كۆز بولۇپ ھەممىگە،
دەشت-چۆللەر باغرىغا زىلچا سال!...»

— ۋەدىگە ۋاپاسىز ئەمەسمەن، —
دېدىمەن: — غەم يېمە مېنىڭدىن.

چىگىلدى يۈرىكىم رىشتى چىلىق،
ئۆستىنى ئۆزمەيمەن سىنىڭدىن.

قايتىدىن ئۇچراشتى جۈپ كۆزلەر،
يېقىنلاپ باغرىمغا ئالدىممەن،
يۈزۈمگە مەگزىگىنى ياققاندا،
ئىشقىڭغا ئەسىر بوپ قالدىممەن.

كۆپ ئۆتمەي ماڭدىم مەن بوز يەرگە،
ئۇزاتتىڭ بىر دەستە گۈل تۇتۇپ.
دىدىڭمەن قول سىقىپ: يول بولسۇن،
«جۈپ ئۈلگە» بولايلى تەڭ ئۆتۈپ.

× ×

خېتىمگە يازدىممەن: شۇ ۋەدە،
كۈچ بەردى مېھنەتچان قولۇمغا.
ئامرىغىم يېقىندا بارسامىمەن،
چاچقىلار چاچارسەن يولۇمغا...

1961 - يىل ئىيۇن، گۇما.

## تەمى قالدى تىلىمدا

قوغۇنلۇققا كەلدىم، دوستلار، تاغىلار،
ھاردۇق سوراپ مېنى ئىلىنك ئېلىشتى.

مېھمانلىشىپ، دىل تاۋىسىنى كۆتىرىپ،
ئەلگ قەدىناس تۇققىنىدەك بىلىشتى.

تاتلىق، چۈرۈك كۆكچىلەرنى كاسىلاپ،
ھەممە ماگا «مەرھەمەت» دەپ سۇنۇشتى.
ئۇلار بۇنى كۆكچى قوغۇن دىۋىدى،
تىلىم بەرھەق شىكەر بىلەن تونۇشتى.

— ئىلىك مېھمان، تېتىپ كۆرۈك ئىقىنى، —
دىدى بىر قىز تۇتتى شۇندىن بىر كاسا.
(پاھ كۆڭۈلدە نىمە ئارمان قالىدۇ،
شۇ ئاقچىدىن بىر تىلىملا يەۋالسا.)

ناۋات نىمە، ئاقچى تەمى ئالدىدا،
(ئۇنى پەقەت تېتىغانلار بىلىدۇ.)
شۇ ئاقچىنىڭ شەرۋىتىنىڭ بەھرىدىن،
يۈرەك چەكسىز قۇۋۋەت ئېلىپ كېلىدۇ.

× ×

تېتىدىمەن ماختىغۇدەك تاتلىقنى،
بىر ئۆمۈرلۈك تەمى قالدى تىلىمدا.
ئاقچى سۇنغان شۇ مېھرىبان قىزنىڭ ھەم —
مېھرى - ئىشقى قالدى ئاتەش دىلىمدا.

1962 - يىل سېنتەبىر، گۇما.

# تاڭ شاملى

ھەركۈنى تاڭ باغدىن ئۇچقان مەيىن شامال،
ناخشا ئېيتىپ بوسۇغامدا كۈتەر مېنى.
شاتلىقىمدا دەرىزەمنى چېكىپ خۇش خۇي،
كۈندە نەچچە زوقلاندۇرۇپ ئۆتەر مېنى.

جىلۋىگەرىم ئەتراپىمدىن ئۆرگىلىپ مىڭ،
يۈرىكىمگە يار ئىشقىنى بېسىپ كېلىدۇ.
يېشىل ئېتىز، گۈلزارلارنى كېزىپ مەمنۇن،
ئىپار پۇراق گۈل ھىدىنى ئېپ كېلىدۇ.

قارا ئەنە دەرىزەمنىڭ راملىرىغا،
چېچەكلەردىن زىبۇ-زىننەت تاقىغىنى شۇ.
ئۇخلاپ ياتسام قۇچىقىمغا ئۆزىنى تاشلاپ،
گۈل مەگزىنى ئۇزارىمغا ياققىنى شۇ.

سۆيۈپ تاتلىق لىۋى بىلەن قايتار چاغدا،
دىلغا سۆيگۈ ئوتلىرىنى بېسىپ كېتىدۇ.
قۇلىقىمغا نىمىنىدۇر پىچىرلاپ ئۇ،
نىگارىمغا مەندىن مەكتۇپ ئېپ كېتىدۇ.

1963 - يىل ئاپرېل، گوما.

## بۇلبۇللار چىللاپ كەتتى...

ئويغىنىپ تاڭدا ئۇيقۇ ياستۇغىمدىن،
بۇلبۇللار مېنى باققا چىللاپ كەتتى.
ئۇن قېتىپ، ناخشا ئېيتىپ گۈلزارىمدا،
ئىشقىۋاز يۈرىكىمنى كاۋاپ ئەتتى.

جۈر بولۇپ بۇلبۇللارنىڭ ناخشىسىغا،
مەنمۇ ھەم ھەۋەس بىلەن كۆككە ئۇچتۇم.
بەسلىشىپ، قۇشلار بىلەن جەۋلان قىلىپ،
تەپەككۇر ئاسمىنىدا ئىلھام قۇچتۇم.

بۇ مەھەل گۈلزارلىقتا خەندە ئۇرسام،
رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر مېنى مېھمان بىلدى.
چوغلۇقتەك كۆلۈپ تۇرغان قىزىل مودەن،
دىلىمنى رۇخسارىغا شەيدا قىلدى.

يۈرىدىم ۋىسالىغا قانمىدىم ھېچ،
ئېيخ گۈلگە يۈرىكىمنى ياقسامىكىن؟
ئۇن قېتىپ گۈل ئاشىقى بۇلبۇل ئوخشاش،
شاخلارغا قونۇپ قانات قاقسامىكىن؟

1963 - يىل ماي، گۇما.

## يۈرتۇم ـ سائادەت بۆشۈكۈم

(ناخشا تېكىستى)

ئازات تېڭىمدىن نۇر ئىمىپ،
يۈرتۇم بېغىدا يايرىدىم.
ياڭراق ئاۋازىم ئەۋجىدە،
بۇلبۇلغا ئوخشاشى سايرىدىم.

يۈرتۇم ـ سائادەت بۆشۈكۈم،
غەمخانە بولدۇڭ مەن ئۈچۈن.
ئۆستۈم، يېتىلدىم تاۋلىنىپ،
دېيمەن تەشەككۈر سەن ئۈچۈن.

قېنىپ باھارنىڭ ۋەسلىگە،
كۈلدى ھاياتىم غۇنچىدەك.
يوق ئارمىنىم تۆكسەم ساڭا،
مېھنەت تېرىمنى ئۈنچىدەك.

1965 ـ يىل ئۆكتەبىر، خوتەن.

## يارىمغا خەت

ئاچچىق ھىسلار قاينىمىغا
ئاتتىم ئۆزەمنى.

يازغىن قەلەم قەغەز ئۈزرە
يۈرەك سۆزۈمنى.
لەنەت، غەزەپ يالقۇنىدا
يانسۇن مىسرا، قۇر،
ھەر سۆزۈمنى قۇزغۇنلارغا
خەنجەر قىلىپ ئۇر.

× ×

ئاپپاق شايى قەغەز بولدى،
كۆز يېشىم سىيا.
قەلەم بولدى زىمىستاندا
سولغان گۈل ـ گىيا.
تەلمۈرىمەن يوللىرىڭغا
كۈندە نەچچە رەت.
يارىم ساڭا دەرتلىك دىلدىن
يازدىم سالام خەت.
سۆيۈملۈكۈم بۇ كۈنلەردە
نىچۈك ئەھۋالىڭ؟
سولغانمىدۇ جۇت ـ جۇدۇندا
يۇمران نىھالىڭ؟
تالى مەجنۇن بويلىرىڭنى
زۇلۇم ئەگدىمۇ؟
تۆھمەت، دەشنەم يۈرىكىڭگە
تىغدەك تەگدىمۇ؟
يارىم مەنمۇ ئەھۋالىمنى

بىلدۈرەي ساڭا.
زىندان بولدى بۈگۈن ئاشۇ
كەڭ زېمىن ماڭا.
كېزەر ھويلام ئەتراپىدا
كۆندە ئەزرائىل.
دىلغا سانسىز تامغا سالدى
سېھىرلىك ئۈچ يىل:
تىنجىمايدۇ جەڭگە ـ جېدەل،
بۈندا ياز ـ قىشى.
جۇدا بولدى ھاياتىدىن
مىڭلىغان كىشى.
كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگىنى
ياش ئەمەستۇر قان.
ئۆتتى سۆڭەك. ئىلىكىمدىن
مۇدھىش زىمىستان.
باغرىم سۇنۇق، يۈرەك زەرداپ،
كۆڭلۈم شىكەستە.
مىڭبىر ئۆلۈپ تىرىلەرمەن
تۆمۈر قەپەزدە.
ئايلىنار سەن سامان رەڭگى
ھۆسنۈمگە قاراپ.
نە قىلايىن ھالىم مېنىڭ،
شۇ قەدەر خاراپ.
جامالىڭغا ئىنتىزارمەن

ئاق كۆڭۈل يارىم،
سەن تەرەپكە ئۇچار دائىم
خىيال شۇڭقارىم.
ئەمما ئەركىن يۈرەلمەيمەن
يولۇمدا تۇزاق.
دەرۋازىدىن چىققان هامان
كۆرۈشۈم دوزاق.
يول - يوللاردا بار قاراقچى،
ئەھرىمەن دىۋە.
ئادەم گۆشى ئىككەن ئاغا
ياخشى نېسىۋە.
چەكسىز يوللار، ئورمانلاردا
بۆرە، يولۋاس بار.
ئوت يالقۇنى چاچار سايدا
ۋەھشى ئەجدىھار.
ئاھ، قەدىرسىز ئەركىم مېنىڭ
قىلغا باغلاندى.
غۇربەتچىلىك ئازاۋىدا
كۆكسۈم داغلاندى.
مەنگى پەرھات، سەنگى شىرىن،
ئايرىدى خىسراۋ.
قاچانغىچە قىينايدىكىن،
ئىككىمىزنى ياۋ.
بولسىمۇ گەر پۈت - قولۇمدا

زەنجىر ۋە كىشەن.
مېھرىم ئوتتەك يالقۇنلايدۇ
يار ماڭا ئىشەن.
جۈپ قاناتىم بولسا كاشكى،
ئۇچسام قېشىڭغا.
ۋىسال قۇشى بولۇپ شۇدەم،
قونسام بېشىڭغا.
خاسىيەتلىك يامغۇر بولۇپ
چەيلىسەك چاڭنى.
ۋەسىل تېپىپ، كۆرسەك ئىدۇق.
شەپەقنى، تاڭنى.
ئەپسۇس ئاجىز يارالغان بىز،
يەتمەس چامىمىز.
ئاخىر بىر كۈن تولار مەيگە
ئۈمىت جامىمىز.

× ×

ئەي قالغىچىم ـ ئەركى قۇشۇم،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچ!
كەل بۇياققا، مىسكىن يۇرتۇم
ساماسىنى قۇچ!
قىل تەرەھھۇم بۇ خېتىمىنى،
بىللە ئېلىپ كەت!
گۈمىدىكى ئاجىزەمنىڭ،
دەرت ـ ھالىغا يەت!

1969 ـ يىل ئاپرېل، خوتەن.

## ساقى يار

شارابىڭنى قۇيغىن ساقى يار،
دەرتلىك كۆڭۈل بولسۇن بىردەم لال.
ئەي ئۈلپىتىم، دوستۇم قەدەھجان،
ئاچچىق مەينى ئەيلە ماڭا بال.

بىلمىسەڭمۇ ھاراق، تاماكا،
رەقىپ ئىدى ماڭا ئەزەلدىن.
غەش كۆڭۈلنى ئالاتتىم دائىم،
ھوزۇرلىنىپ ناخشا ـ غەزەلدىن.

بىراق تىلغا سىلىنىپ قولۇپ،
جۇدا بولدۇم ئاشۇ ياردىن مەن.
تاپتىم پەقەت رەنجىمگە شىپا،
«شاراپ» ئاتلىق ۋاپاداردىن مەن.

كەل دىلبىرىم پىنھان ئۆيۈمدە،
بىز ئىككىمىز بولايلى مۇڭداش.
ھەر قەترەڭدە كۆرسەت كارامەت،
قىلغىن جىنلار شۇملۇغىنى پاش.

قاراقچىدەك يول توسۇپ ئەجەل
كەينىمىزدىن قوغلاپ يۈرىدۇ.

مەي ئورنىدا ئىچىپ قىزىل قان
ئەزرائىللار ھوزۇر سۈرىدۇ.

كۆزلەردە ياش، دىللاردا ھەسرەت،
غەم ـ قايغۇغا چۆكتى بار ئادەم.
مۇسىبەتكە چۆمدى تەبىئەت،
ئېيتىڭ، سۈرلۈك نىچۈن بۇ ئالەم؟

كىرىپ باققا تۈلكىلەر كۈندە
مۇڭلۇقلەرنى چاغلاپ ئۈزىدۇ.
پايمال قىلىپ گۈلشەن راۋاقنى
كېچە ـ كۈندۈز بەزمە تۈزىدۇ.

بىر توپ توڭگۇز بۈگۈن كېچىدە
قوناقلارغا يەنە چاڭ ساپتۇ.
قان ئەجرىنى چەيلەپ پەنجىدە
گۆھەر دانىنى قارىغا ئاپتۇ.

«تاغدا بۆرە ئەدەپ كەتتى» دەپ،
خەۋەر كەلدى يايلاقتىن ھىلى.
ھايۋان ئەمەس سانسىز ئادەمنى
بۆرە يەپتۇ ئۇندا بۇ يىلى.

تەكلىماكان ئېيىغى بۈگۈن
ئىگىلەندى بىزنىڭ يېزىغا.

خىرىس قىلار قاباھەت دائىم
يۇرتىمىزنىڭ ئوغۇل - قىزىغا.

«ئەمدى بىزگە قايدا تۇرار جاي،
بولارمىزمۇ يەرتقۇچلارغا يەم؟»
كۆڭۈللەردە ھايات قايغۇسى،
ھەر كىشىدە شۇنداق تەشۋىش، غەم.

كۆپ ئىممىشقا يىرتقۇچلار شۇنچە،
نىچۈن بوستان ئىكەن ئاڭا خاس؟
مىگەمنى گەپ يەمدىكىن دائىم،
ئىممىشقىمۇ بولمىغاندىم گاس.

ماندارلىقتىن كۆچۈپ جىن - شەيتان
ھوجرىلارنى قىلىشتى ئوردا.
كىيىپ ئۇلار يۇرتنى بېشىغا
ئادەمزاتنى چىرمىدى تورغا.

تېخى ئاخشام قەدىناسىمنى
تۇتۇپ كەتتى بىر توپ ئالۋاستى.
كۆرگىنىمدە شۇبۇ ۋەھشەتنى،
ۋۇجۇدۇمنى غەم تېغى باستى.

مۇنداقلارنى بىردىمەك ھەرگىز،
«مەھبۇس» بىلەن تولدى زىندانلار.

ئىگرىماقتا پانى دوزاقتا،
كۆرمىگىلىغان بىگۇنا جانلار.

قەپەز بولدى كەڭرى بىنالار،
كويزا ـ كىشەن يېتىشمەس يۇرتتا.
ئىنسانلارنىڭ ئەركى، ھوقۇقى
بولارمىدۇ بىر ئوچۇم قۇرتتا.

كەلتۈر ساقى مەينى جام بىلەن،
غاپىل بولاي ئەمدى مەن ئۆزەم.
ئارام تېپىپ يۇمۇلسۇن بىر پەس
دەرت ـ ئەلەمگە شاھىت بۇ كۆزۈم.

تۆكمەيدۇ سۆزلىسەم يىللاپ
جىنايەتنىڭ پاكىت دەلىلى.
قاچانغىچە ئۆتمەن تەڭرى،
كاج دۇنيانىڭ بولۇپ زەلىلى؟

قەدەھنى بەر ساقى ۋاپادار،
دەردىمنى مەن شاراپتىن ئالاي.
تۈن پەردىسىن يارغىچە سۇبھى،
ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ ئالاي.

1970 ـ يىل ئاپرېل، خوتەن.

# چېچەك توزۇسا

ۋادەرىغا، رەھىمسىز ئاپرېل شامىلى،
ئۆتكۈنچى يولىدا چېچەك توزىتار.
جۇدالىق ئاھىدا سولغان بەرگىلەر،
نەگىدۇر بىقارار گۈلنى ئۇزىتار.

ئۈزۈلسە رىشتىدىن مىسكىن چېچەكلەر،
ناتاۋان كۆڭلۈمنى سىرلىمەس دەمسەن؟
ئەزىزىم كۆرسەڭ گەر سەنمۇ شۇ ھالنى،
خازانى گۈللەرنىڭ غېمىنى يەمسەن؟

شىكەستە دىلىمدىن كەچتى بىر خىيال:
نەچارە چېچەكنى توزۇتسا شامال؟
ئەي شامال ھەمىشە ياپراق تۆكۈپ سەن،
گىيالار ئەركىنى قىلامسەن قامال؟

ئىستەي شۇ ئۆتكەن نادانلىقىمغا،
ئەيلەيمن كىمگە مەن ئەرزە بايان.
ھەسرەتكە تولدۇرۇپ ئوتتۇز ئۈچ جامنى،
ئەي شامال ئېيت كەتتىڭ ئۆلۈمنى قايان؟

قېرىنداش ئاگاھ بول نامەھرەملەردىن،
ئوغرىلاپ قاچمىسۇن غۇنچەگۈلنى سېنىڭ.

ئۆمرىمىز بېغىنى ئاسرايلى جۈتتىن،
بولسۇنكى بۇ قەسەم سېنىڭ ھەم مېنىڭ.

1976 - يىل ئاپرېل، خوتەن.

## سازەندە دوستۇمغا

ئەزىز دوستۇم سازىڭنى گۈل قولۇڭغا ئال،
زوقۇڭ بىلەن چېكىپ تارنى ئۆز ھالغا چال.
مۇزىكىڭغا ئاۋازىڭنى قىلىپ تەڭكەش،
كۆڭۈللەرگە ھاياتنىڭ زوق، ئوتىنى سال.
يارانلىرىڭ بىرەر ئىلھام، ساڭا مەدەت،
سۆرۈن ئۆزرە دىل جامىڭدىن تۆكۈلسۇن بال.
ھەزىن كۆڭلۈم ئېچىلسۇنچۇ لەتىپ كۈيدىن.
ساباغا چال... بولۇپ قالما بىزەمۇ لال.
مەگەر تارىڭ ھەقىقەتتىن سادا بەرسە،
خاتىرجەملىك تاپاتتىمغۇ شۇ مەجنۇنتال.
قېنى مەردان سازۇ- ناخشاڭ كۆرەك قىلغىن،
بولۇپ مەپتۇن تومەن بۇلبۇل قىلمىشسۇن نال.
كۆيۈك ئەۋجى قەدىردانىنى كۈيلىگەندە،
يۈتۈپ ئوغا ئازاپلانسۇن نىجىس دەججال.
سۈكۈت قىلما ئىلان دىللىق ھەسەتخورغا،
رەقىپكە تىغ، يارىڭغا پىل مۇغەن* بوپ قال.

* سازەندە

1976 - يىل ماي، خوتەن.

# ۋەتەن گۈلبېغى

ئەي ۋەتەن، ئىشقى ـ ئەقىدەم سەندىدۇر،
يۈرىكىم رىشتى تامام پەيۋەندىدۇر.
ھىجرىدىن قايتتى باھارىم شادىمان،
رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر بېغىمدا خەندىدۇر.
غۇنچە ـ گۈل چاچسا مىسالى مۇشكى بۇي،
بۇلبۇلۇم كۈن ـ تۈنى گۈلگە بەندىدۇر.
مەنمۇ ھەم بۇلبۇل ئىدىمكى شەۋقىلىق،
ئىشقىۋاز كۆڭلۈم شۇڭا گۈلشەندىدۇر.
بولسا كىم گۈلشەن بېغىغا مېھرىسىز،
كىيگىنى جۇل ـ جۇل كىيەنۇ جەندىدۇر.
گۈل تېرىپ قىلدىم پەرۋىش تەر بىلەن،
ئەل بېغى، گۈللەش قارارى مەندىدۇر.
جامىدىن ئىچتىم شىپالىق شەرۋىتىن،
شۇ بىلەن جانۇ ـ مادارىم تەندىدۇر.
ئالمىسى، ئەنجۈر، ئانارى دورىكەن،
ئۈزۈمى، شاپتۇلى تەمى قەندىدۇر.
بۇ گۈزەل باغنىڭ ئىجادى پارتىيەم —
سەن ئۈچۈن دىللاردا رەھمەت چەندىدۇر.

1977 ـ يىل مارت، كەما

## ئېتىز چولپىنى

سۆيۈنەرمەن يار سېنى كۆرسەم ئېتىزدا ھەركۈنى،
كۈيگە ئۈندەر ھەممەۋاق ئۇچقۇر «ئېتىلىڭ» نىڭ شوخ ئۈنى.
مىسرالارغا ئۈنچە تىزىپ نەزمىگە قاتسام سېنى،
لەۋلىرىمدىن تاشىدۇ گويا مۇھەببەت كەلكۈنى.
چاپتۇرۇپسەن دۇلدۇلۇڭنى كەڭ ئېتىزنىڭ باغرىدا،
تەر تۆكۈپ ئىشلەپ قالارسەن شام، سەھەر ھەمدە تۈنى.
تەبىئەتنى ئويغىتىپ سەن جەڭگە كىرسەڭ ھەر ساباھ،
نۇرىغا يشايى لىباس كۆككە «ئۆكۈزلۈك» تۇتۇنى.
ئۆز ئىشىڭغا پەرۋانىدەك شەۋقى بەرگەچ دائىما،
سەن بىلەن يار گۈڭشېنىڭ گۈلچېھرى ئاچتى بۈگۈنى.
ماختىشىپ بارچە سېنى دەيدۇ: «ئېتىزنىڭ چولپىنى»،
ئەي نىگار شۇ ۋەجىدىن بولدۇم خىيالىڭ تۇتقۇنى.
سەن دىدىڭ خۇش-خۇيغىنا: «قوش توي قىلايلى كۈزلۈكى»،
بۇ جاۋاپقا گۈزىلىم كۆنمەس يىگىتنىڭ ئىچكۈنى.
مەن ساڭا پىنھان تۇتۇپ كەلگەن ئۇزاقتىن سۆيگىنى،
دىلكىشىم ئەمدى يېشىلدى يۈرىكىم سىر-تۈگۈنى.

1978 - يىل ئاپرېل، خوتەن.

## ۋاقىت

چېچىمغا قار، قىرو قونسا،
قېرىلىق ئەلچىسى دەيمەن.

تەبىئەت قانۇنى شۇنداق،
نىمىشقا مەن ۋەھىم يەيمەن.

قىچىپ ئەمدى چىرايىمدىن،
شۇ جۇشقۇنلۇق قىران چېغى
گۈزەل يازغا قۇچاغىمنى،
ئاچار بولدى ئۆمۈر بېغى.

ئۆلۈشكۈن مەن ئىدىم غۇنچە،
چېچەك ئاچتى لالەم بۈگۈن.
توزۇسا گەر شۇ پورەكلەر،
سولارمۇ تاڭ گۈلۈم ئۆگۈن

ئايان ئەمما ۋاقىت سىرى،
سالالماس دىلغا ئۇ قولۇپ.
يۇمۇلماس كۆز نىسىۋەمنى،
ۋاقىتتىن ئالمىسام يۇلۇپ.

تەبىئەت بەرمىگەي بەھرى
سىنىڭدە بولمىسا ھىممەت.
باسار غەپلەت ۋۇجۇدۇڭنى
ۋاقىتنى بىلمىسەڭ قىممەت.

ۋاقىتنىڭ ئەسىرى بولساڭ،
پۇشايمان چۆلىگە تاشلار.

چىقىندەك ئوت چىقىپ غىل-پال،
بۇلاقتەك كۆزلىرىڭ ياشلار.

ھاياتىڭ تاپقۇسى مەنا
ۋاقتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتسالڭ.
بولاتتىم ھەمدەمىڭ، رەنا،
كۈرەشلەر قوينىدا تۇتسالڭ.

1978-يىل ماي، خوتەن.

## بايرىمىڭغا مۇبارەك ۋەتەن

ھۆر ۋەتەن، سەن چىن ۋاپادار يارۇ جانانىم مېنىڭ،
سەن غۇرۇرۇم، ئىپتىخارىم شەۋكىتىم-شانىم مېنىڭ.
ئۆتتى سەندە نەۋ باھاردىن ئوتتۇزى شان ئەۋجىدە،
ھەر باھار شەنىگە ئاقتى ناخشا-داستانىم مېنىڭ.

ئۆزىدى ھەر كۈن ئۇتۇقلار قامۇسىدىن جاي ئېلىپ،
سەندە ئىقبال گۈللىرىگە تولدى ھەر يانىم مېنىڭ.

مەن سېنىڭ باغرىڭدا گۈل ئاچقان كۆچەت پەرۋىش كۆرۈپ،
بىپايان قوينۇڭ ئەقىل-كۈچ مەنبەئى-كانىم مېنىڭ.

تۇپرىقىڭ زەر، تۇتىيا، تاغىڭمۇ جەننەت-باغ ماڭا،
ئوخچىغان چەشمەڭ سۈيى تومۇردىكى قانىم مېنىڭ.

ھەر قېتىم ئىپار پۇراپ ئەركىن نەپەس ئالغاندا مەن،
شات دىلىم تاپقاي ھوزۇر ھەم يايرىغاي جانىم مېنىڭ.

مەن قاچان نەگە قەدەم قويسام بەھىشنى كۆرىمەن،
شۇ بەھىشتە ياڭرىغاي شات كۈلكە-خەندانىم مېنىڭ.

تۇغۇلۇپ سەندە يېتىلدىم كۆكتە پەرۋاز ئەيلىدىم،
ۋەتىنىم بولدۇڭ كۆيۈمچان ئانا-غەمخانىم مېنىڭ.

بىر-مەھەل باغىڭنى چەيلەپ قۇتىردى ئالۋاستىلار،
زور خەتەر ئاستىدا قالدى باغۇ-بوستانىم مېنىڭ.

پارتىيەم ئۆز ۋاقتىدا گۇم ئەيلىگەچ ئالۋاستىنى،
قايتىدىن ئۇرلاندى باغرىڭ، كۈلدى دەۋرانىم مېنىڭ.

تالىشىپ سۈرئەت ۋاقىتتىن، شان قۇچۇپ، زەپەر قۇچۇپ،
بەيگىدە تۇلپار كەبى ئۆزمەكتە كارۋانىم مېنىڭ.

يېتىمەن مەنزىلگە جەزمەن، ئاشىمەن ئۆتكەل-تۇساق،
چۈنكى بار دەۋرانە بەرگەن ئەقلۇ دەرمانىم مېنىڭ.

ۋەتىنىم سەن باشتىلا كۆڭلۈمنى ئالغان گۈل ماكان،
سەن ئۈچۈن يانغاي ئەبەدكە مېھرى گۈلخانىم مېنىڭ.

ئانىجان-جۇڭخۇا مۇبارەك توي كۈنۈڭ-بايرام كۈنۈڭ،
قۇتلىماقتا بۇ تويۇڭنى مەردۇ مەيدانىم مېنىڭ.

1979-يىل ئۆكتەبىر، خوتەن.

## ھېيت بۈگۈن

ئالەمچە شاتلىق مەركە، گۈلشەن ماكاندا ھېيت بۈگۈن،
پەنگە-ئىلىمگە ئاشىنا دوستۇ-يارانغا ھېيت بۈگۈن،
پەيۋەندى ئەلگە يۈرىگى مەردۇ-مەيدانغا ھېيت بۈگۈن،
لەۋلىرىدىن بال تامچىغان يارۇ-جانانغا ھېيت بۈگۈن،
ئەپشانى ئەنۋار ھۆسنىدىن ماھى تابانغا ھېيت بۈگۈن.

ئادەم دېگىنىزى رەستە-يول، (دىللارغا تەھقىق قايغۇ يات،)
شايى ئىپەككە پۈركىنىپ ھۆر قىزلىرى كەلمەكتە شات،
پەرزەنت كىلەركىن شادىمان سېلىپ ئاتا ھوجرىغا ئات،
تويچى ئوغۇل-قىز مەرتلىگە بەرگەن زامانەم جۈپ قانات،
دوستلار ئۈيۈمگە مەرھەمەت، ئەزىز مېھمانغا ھېيت بۈگۈن.

ھېيتنىڭ شاھانە شەۋكىتى كەتتى جاھانغا يۈر شۇدەم،
ياڭراپ جاراڭلىق خەندىمىز ئەھلى پەرىگە يەتتى ھەم،
چاقناپ سائادەت چولپىنى شاتلىقنى قىلدى بىزگە جەم،
گۈللەتتى ئارزۇ باغىنى ئۇلۇغ شەرەپلىك پارتىيەم،
ئىقبالى كۈندەك پارلىغان ئارامى جانغا ھېيت بۈگۈن.

بەيتۇل ھەرەمدەك خانىلار، نىمەتكە بارچە تاڭ قالۇر،
ئۈي-ئۈيدە مەشرەپ قايىنسا سازچى يىگىت تەمبۇر چالۇر،
قەلبى بۇلاقتەك ئوخچىغان قىزلار ئۇسۇلغا يول ئالۇر،
خۇمار كۆزىنى ئويىنتىپ ئاتەشى كۆڭۈلگە ئوت سالۇر،
سۇمبۇل مۇسەللىك چاچلىرى كۈلى رەيھانغا ھېيت بۈگۈن.

داستىخانغا قويدى ساھىبىم تۆرلۈكچە نىمەت، ئاشى - تائام،
قورۇلدى ھېيتلىق بەزمىسى گۈلگۈن شاراپقا تولدى جام،
ئەۋجىگە يەتتى ئاڭلىڭا! دىلكەشى ناۋالار كۈي - مۇقام،
بىلدىم شۇتاپتا ئاشۇ كۈي دىل پانۇسىغا ياقتى شام،
سۆيگۈ بېغىدا يايرىغان شۇ مېھرىبانغا ھېيت بۈگۈن.

1979 - يىل نويابىر، خوتەن.

## بۇرادىرىمگە

جاھاندا ھەممىنىڭ بار چېكى، سانى،
يوق لېكىن مەجلىسنى سانىشى ئىمكانى.
ئۇزارتساڭ كۈن، ئاينى يىغىن بىلەن دوست،
چىدايدۇ يۇرتۇمنىڭ قايىر دىخانى؟!
يىغىندىن يانمايلا چۈشسەڭ كېڭەشكە،
تۈزۈلەر قانچىلاپ يىغىن پىلانى.
ئۇلىشىپ كىچىكى چوڭىغا شۇنداق،
خىزمەتكە ئاراملىق بەرمەس ھامانى.
بەزىلەر قانائەت مەيسى بىرلە،
لاپ بىلەن «شەر ئېلىپ» كېزەر ھاۋانى.
قۇرۇق سوز مەرۇپلار تۇرسا بىر دۆۋە،
نىمىشقا كۆمۈلمەس يارنىڭ ئامانى؟
كۈتكەچكە زال ئايلاپ يىغىن ئەھلىنى،
ئاھ چېكەر كەتكەندەك ھالى، دەرمانى.
«تۆھپە كۆپ بولار» مىش «سافا»دا، شۇڭا—
بوپ قالدى قانچىلەر يىغىن مەستانى.

تۆكۈلسە زەر ـ گۆھەر ئىشرەت جامىغا،
ئويلىدىم، كىمنىڭمۇ قاينىماس قانى.
بەرسەكچۇ بۇرادەر كابىنىتقا ئارام...
يولۇڭغا ئىنتىزار يېزام بوستانى.
«يىغىنىنىڭ كۆپلىكى بىزدە چوڭ ئاپەت»،
بۇ ھەق سۆز، ۋاقتىنىڭ بولما قۇربانى.
ئىلىم ـ پەن كارۋانى چۈشتى سەپەرگە،
كەل سەپكە! يارالسۇن مەرتلىك داستانى.
بەھرىسىز يىغىننى چەكلىدى مەركەز،
تەر تۆكۈلسە شەرەپ ـ شان بېرەر زامانى.

1979 ـ يىل نويابىر، خوتەن.

## يىپەك يولى

كۆچكەندەك سېخىلارغا ئۈز ھەسەن ـ ھۈسەن،
رەڭمۇ ـ رەڭ گىرىپ، كىمخاپ كۆزنى چاقار.
كۆڭلۈمنى مەپتۇن قىلىپ يىپەكچى قىز
ئىشقىمنىڭ پىلتىسىگە ئوتنى ياقار.

قىزلارغا ھۆسۈن قوشار رەڭداش ئەتلەس،
يارىشار ئوغۇللارغا ئاپپاق شايى.
قارايمەن زوقۇم كېلىپ،
يىپەك بىلەن ـــ
بېزەلگەن يۇرت ئەھلىنىڭ سەرۇپايى.

سوزۇلغان مەشرىقتىن تا مەغرىپقىچە،
گوياكى رىشتە بولۇپ يىپەك يولى.
ئەل ئارا ئېتتىپاقلىق سازاۋەر ئۇ،
ئېرىشەر زەرگە ئۇندىن دوستلار قولى.

يىپەكنىڭ مەنبەسىدۇر، بولاغىدۇر،
بىپايان ئۈجمىزارلىق ئېتىز - دالا.
قەدرىنى تاپتى ئازات دەۋرانىمدا،
شۇ دىدەك پىلىچى قىز، مىسكىن بالا.

قارىڭا، ئۈجمىزارلار بولدى خۇشچاغ،
«غېرىپ ۋە سەنەم» لەرنىڭ چاھار بېغى.
كۆتىدۇ بىزنى پارلاق ئىقبال - ئەتە،
بارتېخى يۇرتىمنىڭ تازا گۈللەش چېغى.

1979 - يىل دېكابىر، خوتەن.

## داشچى يىگىت

ئوخشاتسام قاشتېشىنى ياقۇتقا مەن،
بۇ سۈپەت ئاڭا زىنھار كەتمەس ئارتۇق.
دوستلىرىم كەلسەڭ ئىدىڭ يۇرتىمىزغا،
قىلاتتىم قاشتېشىدىن ساڭا تارتۇق.

تاغلىرىم غەزىنىسى قاشتېشىنىڭ،
ماكانىدۇر قاشتېشىغا سايلىرىم ھەم.

قوشكېزەك قاشى دەرياسى بۈرت خەلقىگە،
قاشتېشى پېيالىدە سۇنار زەمزەم.

غەيرەتى جۇشقۇنلىغان تاشچى يىگىت
غەزنىنە قۇلۇپىنى ئاچتى بۈگۈن.
جانانىنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن پەرھات
شىرىنىنىڭ بېشىدىن زەر چاچتى بۈگۈن.

يالتىرار گۈزەللەرنىڭ قوللىرىدا
يىگىتنى نىسار قىلغان ھالقا، ئۈزۈك.
رومالغا كەشتە تىكەر ئىشقى بىلەن
يارىغا ئاتاپ ئاشۇ لېۋى سۆزۈك.

تىرىشچان تاشچى يىگىت ئەجرىڭ بىلەن
ساراي ھەم قەسىرلەر ئۈز ھۆسنىن ئالدى.
ئېلىمگە كۆيگەن ئاشۇ گۈلىيۈزلۈك قىز
قەلبىدىن ساڭا دىلداشى بولۇپ قالدى.

بىلىمەن ئۇ مۇھتىرەم كانچى يىگىت
سېنىڭدىن دۇررى-ئۈنچە سورار پەرى.
ئوتتۇڭدا كۆيۈپ ئاسمان رەنالىرى
بېشىڭدىن ئايلىنىدۇ كەتمەي نېرى.

× ×

شادىيانە بەزمەڭنى تۈز ساقى دوستۇم،
گۈلرەڭلىك شارابىڭنى كانچىغا تۇت.

ئەي يۇرتداش، نامى قۇتلۇق ھۈنەر ئەھلى،
يايرىغىن، مۇھەببەت جامىدا مەي يۇت!

1979 - يىل دېكابىر، خوتەن.

## گىلەمچى قىز

ئازادە سېھىر ئىچىگە كىردىم خوشال،
كىردىم - دە، يېڭى دۇنيا ئاچتى ۋىسال.
مەھلىيا قىلدى مېنى يىپەك گىلەم،
يالتىراپ شولا چېچىپ گۆھەر مىسال.

خالۋاپ قىز، كۆرگىنىمدە مۆجىزەڭنى،
سۆيۈندۈم شاتلىقىمدا تەنگە پاتماي.
ئىلھامىم تارىسىنى چەكسە ئىشقىڭ،
تۇرايمەن نىچۈن سېنى كۈيگە قاتماي.

دىيارىم جەننىتىدىن ئېلىپ ئەندىز،
توقۇپسەن ئۇنى دىلغا قىلىپ رەڭداش.
گۈزەللىك ئۈلگىسىدۇر بۇ گىلىمىڭ،
گۈزەلكى تېپىلمايدۇ ئاڭا تەڭداش.

زىلچىغا بولسا كانار قىزىل شەپەق،
كۇئېنلۇن بەجايىكى بولۇپتۇ خال.
چارۋىغا قويۇن ئاچسا چىمەن يايلاق،
يۇرۇڭقاش — سېخى دەريا تۆكمەكتە بال.

مارشىپ كۆك قىزلىرى رۇجەكلەردىن
زىلچىغا زەر لەئلىدىن بىزەك تاقتى.
زوقلىنىپ مېھنىتىڭدىن ئاسمان شاھى،
نىگارىم ساڭا مەمنۇن كۈلۈپ باقتى.

زىلچىغا ئاشىق بولۇپ پەرىزاتلار
ئەرشتىن چۈشتى ئۇچۇپ گۈل ۋادىغا.
گۈزەللەر پەرىشتىسى — تولۇنئايمۇ
گۈل تۇتۇپ كەلدى شۇ دەم سىخ ئالدىغا.

شۇنچىلىك كۆركەم، نەپىس يېڭى نۇسخا.
ماختاشقا تاپالمىدىم مۇناسىپ سۆز.
دىلرەبا ئەلگە قىلغان سوغىتىڭغا
يېنىشلاپ باققان بىلەن تويمايدۇ كۆز.

شۇ سەۋەپ دىل ئالقىشى ئەزىم دەريا،
تىللاردا داستان سېنىڭ كوي - تەرىپىڭ.
قولى گۈل، موجىزىكار گىلەمچى قىز،
ۋەتىنىڭ غۇرۇرىدۇر شان - شەرىپىڭ.

1979 - يىل، دېكابىر.

# بوغدادا بىر كۈن

(سىكىل)

## دەۋر ئىنئامى

ئەزەلدىن يۈرىكىم قېتىدا يانغان —
يالقۇنلۇق ئوت ئىدى «بوغدا» دىگەن نام،
ئىنتىزار ئارزۇيۇم يەتتى ۋىسالغا،
بۇ ماڭا دەۋردىن قىلىنغان ئىنئام.

## ئارزۇلۇق سەپەر

سەييا ھەمەن مەنزىلىم ساماۋى كۆلى،
كېلىمەن شادىمان ئېقىن بويلاپ تېز.
باراقسان جىرالار ئەيلىسە مەپتۇن،
تاغ سۈيى كۆكلۈمگە سالار جۇشقۇن ئىز.

داۋانلار ھالقىدىم، چىقتىم راۋاققا،
ئەركىلەپ يۈزۈمنى سۆيدى شوخ شامال.
بوغداغا باش قويۇپ ياتار زۇمرەت كۆل،
نە كۆلكى، يۈز ئاچتى بىر ساھىپجامال.

قۇتلىدى كۈمۈش تاج بوغدا سۇلتانى،
قۇتلىدى شات چوپان چېلىپ ياڭراق نەي.

قارىغاي، ئارچىلار تولغىنىپ قىزدەك
ساياھەت ئەھلىگە تۇتتى شۇدەم مەي

دىلىمدا ھاياجان ياسىدى ئۆركەش،
ئىلھامىم سۇمرۇغى ئۆرلىدى كۆككە.
قەلبىمنىڭ پانارى ياندى مەشئەلدەك،
كۆيۈپ بۇ يىگانە ئۈز چىمەن بۆككە.

ھەر باقسام بوغدانىڭ گۈزەل ھۆسنىدىن،
كۆردۈمەن ئۆلكەمنىڭ گۈلئۈزارىنى.
كۆرگەندەك بولدۇم ھەم قايناق دېڭىزدىن،
كەڭ جاھان خەلقىنىڭ خۇشچىرايىنى.

مىڭلىغان سەيياھلار ئۈزۈلمەي كۈندە،
بۇ جايدىن ئىلھامغا ئەندىزە ئالار.
شۇ بوغدا ــ سائادەت كۆكىنىڭ ماھى،
ھەردىلغا ئۆمۈرلۈك ئىشقىنى سالار.

## بەزمە

چىمەنزار قىرغاقلار بازاردەك ئاۋات،
قىزىغان ھەر ياندا شادىيان بەزمە.
مۇقاملار ئەۋجىسى كۆكنى قۇچقاندا،
قەلبىمدىن بۇلاقتەك ئۇخچىدى نەزمە.

يۈرەكنى ئوينا تقان ناخشا - ئۇسۇللار،
ئەسلىتەر كىشىگە گوياكى توينى.
قىز - يىگىت مەئنىلىك بېقىشار، بەلكىم،
كۆڭلىگە پۈككەندۇر بىر شىرىن ئوينى.

## چوغلۇق ئۇز گىنىم...

مېھمانىمەن كۆز يەتمەس ئورمانلار ئارا،
سۇمباتلىق قارىغاي سىرداشى، ساھىپخان
گۈلزارلىق چوققىلار سەيلىگا ھىمدۇر،
ھە، شۇندىن ئالدىمەن قەلىمىمگە جان.

قارايمەن زوقلىنىپ، قارايمەن تويماي،
نەكەمدۇر بىھىشتىن بۇ تاغ قىياسى.
غۇرۇرلۇق ئىلكىدە كەزسەم ھەر يانىنى،
كوزۈمگە دۇر بولدى مېھرىگىياسى.

ئويلاندىم: بالىلىق بولدىمۇ قانداق؟
تاغلارغا يامىشىپ چوغلۇق ئۈزگىنىم.
بوپ قالدى ئۆمرۈمدە ئۇنتۇلماس ئەلبۇم،
ياقۇترەڭ گۈللەردىن دەستە تۈزگىنىم.

## كېمىدە

يايرىتىپ ئوت يۈرەك ئوغۇل - قىزلارنى،
سۇ ئۈزرە پەرۋاز قىپ ئۈزەر جۇپ كېمە.

كۆڭۈللەر دەپتىرى تولدى پىكىرگە،
بۇ يەردە غەزەلخان، كۈيچى ئاز دىمە.

كۆلنى بىر ئايلىنىپ چىقتىم قىرغاققا،
ھالبۇكى زوقمەنلەر تىنماي ئۈزىشەر.
تىكىلىپ كىملەردۇر سۈپ-سۈزۈك سۇغا،
خىياللار تەكتىدىن ئۈنچە سۈزىشەر.

## ئىرادە سىمۋولى

خادا تاش ئۈستىگە چىقتى ئابدۇللا،
دىدىكى: ئاغىنە، سۈرىتىمنى ئال!
تەييارمەن، — دىدى-دە، ئەزىزمۇ خۇشخۇي،
قىيا تاش ئۈستىدە رەسلاندى دەرھال...

ئىرادە سىمۋولى بولدى شۇ سۈرەت،
قارىغاي خىسلىتى ئەكس ئەتتى ھەم.
مۇقەددەس خاتىرە قالدۇردى بىردىن،
ئوت يۈرەك قەلەمكەش بولۇپ بۇندا جەم.

## تاغ قىزى كۆڭلى

تۈگىمەس ھەسسىياتلار قوينىغا شۇڭغۇپ،
كەچقۇرۇن نائىلاج قايتتىم سەيلىدىن.

شەبنەمدەك قەلبى پاك جەسۇر تاغ قىزى
«كۆكلۈم» دەپ بىر دەستە تۇتتى لەيلىدىن.

مەن قايتتىم «خەير» دەپ قول پۇلاڭلىتىپ،
ئەي بوغدا، يۈرىكىم قالدىغۇ سەندە!
سېغىنىش كۆلخانى يانسا نە ئەجەپ،
ھۆسنۈڭنى سۈرەتتىن ھەر بىر كۆرگەندە.

## ئەبەدى خاتىرە

شېئىرغا گۈل بولدى گۈزەل مەنزىرە،
جاي ئالدى كۆرمىڭلاپ سۈرەت - رەسىمدىن.
بوغدادا بەھوزۇر سەيلىتىپ ئۆتكەن
شۇ بىر كۈن ئەبەدى چىقماس ئېسىمدىن.

1980 - يىل، ئاۋغۇست.

## سەن ئاشىقمۇ مەن شەيدا؟

زوقلىنىپ تۇرسام دەرىزە ئالدىدا،
ئويلىما ئۆيدە مېنى، دەپ دىلرەبا.
ھەر سەھەر قەلبىمدە ئىلھام قوزغىتىپ،
بوغداغا ئېپ كېتىدۇ ئەركى سابا.

نۇر چېچىپ كۈلگەندە قۇياشى تاڭ بىلەن،
بوغدا سەنمۇ ماڭا كۈلۈپ باقىسەن.

شايى رومال ئىچىدە ھۆر قىزىدەك،
نازلىنىپ قەلبىمگە ئوتنى ياقىسەن.

مەھلىيا دىسەم ئۆزەمنى مەن ساڭا،
سەن ماڭا ئاشىق ئىكەنسەن ئى نىگار.
كۆت مىنى جان مەشۇغۇم، كۆن يۈزلۈكۈم،
مەن باراي يانىڭغا ئەتە بەختىيار.

1980 - يىل، سىنتەبىر.

## باغۇەن قىز

سەيلىتىپ مۇنزار باغ ئارا خوشال،
ياڭرىغان ناخشىغا ياقىمەن قۇلاق.
ئىچۈندۈر يۈرىكىم تېپىدۇ زوقمەن،
قەلبىمدە ئىلھامىم ئۇخچىغان بۇلاق.

زوقلىنىپ لەئلىرەڭ ئالمىغا شۇ تاپ
ھاياجان مەۋجىدە تىنماي ئۆزىمەن.
تەشەككۇر ياغدۇرۇپ باغۇەن ئەجرىگە،
كۆڭلۈمدە بىر ئوتلۇق نەزمە تۈزىمەن.

مول ھوسۇل، بەركەتتىن بېرىپ بىشارەت
چاقنايدۇ ئالمىلار شاخلارنى ئېگىپ.
ھەر باقسام شۇ ئالما ئويغىتار ھەۋەس
قەلبىمنى يوشۇرۇن رىشتىگە چىگىپ.

تېخىچە تىكىلىپ تۇراتتىم، شامال
شىۋىرلاپ سۆزلىدى: «يىگىت ئۇيان باق»
قارىسام ئالدىمدا ئالما ئۈزەتتى
تولۇنئاي مۇسەللىك بىر باغۋەن قىزچاق.

قولىدا سېۋەتتى، ھۆسنىدە شاتلىق،
گۈزەللىك بېغىشلار گويا ئۇ باققا.
غۇنچە بوي، مەڭزى ھەم ئالمىدەك قىزىل،
كەلدىكىن ھۆر قىزى قاچان بۇ ياققا.

ياراشقان گىلەم بۆك، ئەتلەس لىباسى،
جانان قىز ھۆسنىدىن ئايمۇ ئۇيۇلار.
نۇر - ئۇچقۇن تارىسا ئاھو كۆزىدىن،
ئويماقتەك لېۋىدىن شېكەر قۇيۇلار.

ئۇ مېنى كۆردى - دە، بەرگىنى قايرىپ،
تەئەججۈپ ئىچىدە باقتى ھۆسنۈمگە.
مەن كەلدىم يېنىغا، سالام بەردى قىز،
ھۆرمەتتە قول ئالدىم مەنمۇ كۆكسۈمگە.

— ئوخشاپتۇ ئالمىلار، — دېسەم، قىز شۇئان،
كۈلدى «ياق» دېگەندەك بېشىنى چايقاپ.
ۋۇجۇدۇم ئوت ئالدى كەمتەرىن قىزنىڭ،
خۇلقىدىن تەڭداشسىز پەم - ئەقىل بايقاپ.

دىدى قىز سەممى تەكەللۇپ بىلەن،
— ئىلىنگا، ئالمىغا ئىغىز تەككۈزۈلۈك.
مەيلىڭىز سىۋەتتىن تاللاڭ سەر خىلنى،
ۋە ياكى شاخلاردىن ئۈزۈڭىز ئۈزۈلۈك.

ئالمىدىن بىرىنى ئالسام قولۇمغا،
ئۇرۇلدى دىماققا شۇ هامان ھىدى.
— ئەجەپمۇ تاتلىقكەن ئالمىڭىز، — دىسەم،
قىز كۈلۈپ «ماختاشقا ئەرزىمەس» دىدى.

مەن قايتتىم كەچقۇرۇن سۆيۈنۈش ئىچرە،
ئىشىكتە ئۇزاتتى «خوش» دەپ باغۋەن قىز.
قالدى شۇ ئالمىنىڭ تەمى تىلىمدا،
سالدى ھەم قىز مېھرى دىلغا ئۆچمەس ئىز.

1980 - يىل، سېنتەبىر.

## ئىسسىت ياشلىقىم

ۋاراقلاندى ئۆمۈر خاتىرەم،
ئۆتتى بىر - بىر كەچمىشلەر شۇ دەم.
ئاچچىق ھىسلار ئۇرتەپ كۆڭۈلنى،
كىرپىكىمگە قوندى سوغ شەبنەم...

جاۋاپ بەرگىن شەپقەتسىز ئۇزۇن يىل،
قېنى مېنىڭ ياشلىق باھارىم؟

قېنى قەلبىم رىشتى چېتىلغان،
قۇياش يۈزلۈك غۇنچە ناھارىم.

سوراق ساڭا، سوراق كاج پەلەك!
قېنى جۇشقۇن ئارزۇ ـ ئارمانىم.
قېنى مېنىڭ بەخت شۇڭقارىم
قېنى ئەقلىم، تەندە دەرمانىم.

ئەي يوپۇرماق تۆككۈچى بوران،
(قىز نىقاپلىق زەھەرلىك چايان)؛
ئۇن باھارنى خازان قىلىپسەن،
توزۇتتىڭ گۈل ـ غۇنچەمنى قايان؟

ئەنىسىز دەۋران جاۋاپ بەر ماڭا،
قېنى سىرداش نەزمىچى قەلەم؟
سۆزلە تارىخ! ئۇيغا چۆكسەممەن،
نىچۈن دىلنى ئېزىدۇ ئەلەم؟

× ×

كىچىككىمدىن زېھنى پاكىزە
بىر ئوغۇل بوپ ئۆسكەن ئىدىم شات.
قىزىل تاڭغا بولغاچ ئەقىدەم
قايغۇ ـ ھەسرەت ئىدى ماڭا يات.

مەرىپەتنىڭ گۈلزارىدا مەن،
بولدۇم گۈلگە ئاشنا بۇلبۇل.

تۇتقاچ پەننى ئۆزەمگە ھەمەيار،
ئىجتىھاتنى قىلغانتىم دۇلدۇل.

غايەم ئىدى بىلىم قەسرى،
ۋاقىتسىزلا سەپكە قېتىلدىم.
خىزمىتىمگە باغلاپ مۇھەببەت،
پەرۋانىدەك قىزغىن ئېتىلدىم.

× ×

تۇيۇقسىزلا بۇزۇلدى ھاۋا،
مۇدھىش بوران قاپلىدى يەرنى.
ئالۋاستىلار قىلىشىپ بەزمە،
قۇمغا كۆمدى گۆھەرنى، زەرنى.

نەپەسلەرنى بوغدى، قىينىدى،
ئۇغا يەڭلىغ تۇمان، جۇت ھاۋا.
باستى يەرنى مىسلى بىر ئاپەت،
گۈلىستانغا يامرىدى ۋابا ...

زايا كەتتى ئىسسىت ياشلىقىم...
باھارىمنى باشلىدىم بۆلەك.
قەلبىمگە كۈچ بەرسە ئۆچ - غەزەپ،
ئارزۇيۇمغا زامانە يۆلەك.

1980 - يىل، ئۈرۈمچى.

# ئانارىم قېنى

قۇياش كۈلگەن گۈزەل ياز كۈنى،
يورۇڭقاشقا * چىققىنىم سەيلىگە.
نەقەدەر ئۈز دەريا ساھىلى،
كۆزۈم چۈشتى رەڭدار لەيلىگە.

يۈرىكىمنى قىلدى مەھلىيا
باققا كىرسەم ياقۇت رەڭ ئانار.
شاخلىرىغا قونۇپ ساناقسىز
سەرخىل مىۋە چوغدەك تاۋلىنار.

قەلەم تىركەپ نەزمە باشلىدىم
مەن ئانارنى سۈرەتلەپ شۇ چاغ.
تاشتى قەلبىم بۇلاغىدىن كۈي،
ئىلھام بەرگەچ بىھىش يەڭلىغ باغ.

بىراق نەزمەم تاپماي خاتىمە،
چاقتى چاقماق، يامغۇر قۇيۇلدى.
مەھەل ئۆتمەي سەل كېلىپ دەھشەت،
كەڭرى ئالەم قەپەز تۇيۇلدى.

توپان باستى باغۇ ـ بوستاننى،
نوتا ـ سۇمبۇل قىلىندى نابۇت.

* يورۇڭقاش دەرياسى

باھار ۋەسلى بولغىنىپ بىردىن،
قارا قانات يايدى ئاياز جۇت.

يۇتۇپ كەتتى مۇدھىش دولقۇنلار،
شۇ ئانارلىق باغنى ۋە مېنى.
پىغان قىلدىم: تۇنجۇقۇپ سۇدا،
ئانار قېنى؟ نىھالىم قېنى؟

ئېقىتتى - دە، ئېقىتتى كەلكۈن،
مۇز نەشتىرى ئۆتتى جېنىمدىن.
قورام تاشلار سوقۇلۇپ دەمدە،
قان بولاغى ئاچتى تېنىمدىن.

مېنى كۆلپەت باياۋىنىغا،
تاشلىۋەتتى تومۇز كەلكۈنى.
ئۈمىت بىلەن نالىدىم، بىراق،
ناتاۋانىنىڭ يەتكەي نە ئۈنى.

ئايرىلدىمەن گۈلىستانىمدىن،
نىگارىمدىن، سىرداشى قەلەمدىن.
سەرۋى قەددىم ئېگىلدى يادەك،
دەرت - ئازاپتىن، قايغۇ - ئەلەمدىن

دەشت - چۆل كېزىپ ئۇن يىل، مەجنۇندەك.
تەشت دولدۇم لەيلى ۋەسلىگە

ئۆپچۆرەمدە قۇترايدۇ جىنلار،
تۇتقۇنغۇ مەن ياتلار نەسلىگە.

گۇنا بولدى ئانارنى كۈيلەشى،
ئانار ئەككەن مەندىن بەتەر خار.
شۇ لەنەتى بورانلىق يىللار،
دەرت تارتمىدى قايسى تۆھپىكار؟!

1980 - يىل، ئۆكتەبىر.

## نادامەت

باغ ئارىلاپ كېلىپ باھاردا،
گۈل تۆۋىدە يولۇقتۇم ساڭا.
كۈلۈمسىرەپ دېدىڭ: «گۈلچىمەن»،
دەسلەپلا سۆز ئېچىپ ماڭا.

شۇ ئەسنادا جاۋاپ كۈتكەندەك،
ئۇزارىمغا باقتىڭ مەنىڭ.
«ئىسمىم مىسلى» دېدىڭ ئىمزالاپ،
مەنمۇ «ياخشى» دېدىم تەنىڭ.

غەلىتىلىك سېزىپ سېنىڭدىن،
گۈلگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم تېچ.

ئوڭۈممۇ ياكى بۇ چۈشۈم،
سىر تەكتىگە يېتەلمىدىم ھېچ.

سۆز باشلىدىڭ يەنە ناز بىلەن:
ئويچان يىگىت كۆرمەك مېنى يات.
مېھرىم بىلەن، شەپقىتىم بىلەن،
ئەيلىگەيمەن كۆڭلىڭىزنى شات.

خىجىللىقتا تۇرسام ئۈندىمەي،
كۆز ئوينىتىپ كەلدىڭ يېنىمغا.
— جانانىڭىز بولاي قول بېرىڭ، —
دېدىڭ، بىر ئاز تەگدىڭ جېنىمغا.

«سىز غەزەلخان، سىز بىر گۈلخۇمار،
كۆڭلۈمگە گۈل كۈيچى ئېيتىڭىز.
كەلسەممۇ مەن بوستانغا يېڭى،
تونۇش ماڭا ئەقىل - دېتىڭىز.»

شېرىن سۆزۈڭ، جامالىڭ بىلەن،
قىلمىۋالدىڭ ئاخىرى قايىل.
نادانمەندۇر ئېھتىمال ئۆزەم،
ئەقىدەڭگە بولدۇم ھەم مايىل.

مەرتىۋىدە بىلىپ مېھماندەك،
ئەزىزلىدىڭ مېنى شۇ قەدەر.

نازىك بىلەن ئېلىپ كۆڭلۈمنى،
ھىساپلىدىڭ ئېتىمۋارلىق ئەر.

ئۆچ ئاي ئۆتمەي كۆڭلۈڭ بۇزۇلۇپ،
گۈلشىنىمنى تامام چەيلىدىڭ.
تۇتقۇن قىلىپ كۈيچى بۇلبۇلنى،
گۈلىستاننى مازار ئەيلىدىڭ.

ئۆز ۋەدەڭگە قىلىپ خىيانەت،
يۈز ئۆرۈدۈڭ مەندىن نىگارا.
تىلەتىڭدىن ياغدۇرۇپ ۋەھشەت،
ھاقارەتكە كۆمدۈڭ سۆز ئارا.

— «باققا كىرمىش غەرىزىڭ نىمە؟
سىرىڭنى ئېيت» — دىدىڭ كۆرەڭلەپ.
تەرسالىغىڭ تۇتسا گاھىدا،
ھۆكمىرىدىڭ ماڭا مۇشت تەڭلەپ.

دۈشمەن بولدى ئۆزەمگە، توۋا،
«كۈيچى» نامىم، گۈلخۇمارلىغىم.
ھەسرەت بىلەن ئالمىشىپ شاتلىق،
«قارايىپ» قا كەتتى بارلىغىم.

«كۆيدۈم» دەيتتىڭ تەلمۈرۈپ، بىراق —
هالا بۇ كۈن قىلدىڭ شۇنچە خار.
ئوغرىلاپسەن قەلبىمنى ئەرۋاھ،
ھەر بالاغا قىلدىڭ گىرىپتار.

× ×

تۈن ھەپسىدە ئولتۇرسام غەمكىن،
كىردىڭ بىركۈن ئاستا قېشىمغا.
ئۆيات ئىچرە بېرىپ تەسەللى،
باقتىڭ مەيۈس ئۈستى-بېشىمغا.

«ئەقىلسىزنى كەچۈرۈڭ» دېدىڭ،
ۋە ئۆزەڭنى ئاتتىڭ قوينۇمغا.
ئۆز-ئۆزەڭنى كاچا تىلاپ ئەتەي،
ئېسىلدىڭسەن شۇندا بوينۇمغا.

«يوق جاھاندا ئازمايدىغان جان»،
ئىچىمدە مەن «مەيلىلا» دېدىم.
كۆز يېشىڭدىن، يالۋۇرۇشلاردىن،
ساڭا بىرزە ئىشەنگەن ئىدىم.

بىراق يەنە مىسكىن ئۆيۈمدە،
جىدەل-غەۋغا تىنجىمىدى ھىچ.
بەلكى ماڭا رەڭۋازلىق قىلىپ،
يېڭىۋاشتىن تەگلىدىڭ قىلىچ.

ئەلەم تىغى بىسىپ يەلكەمدىن،
ياماللاشتى ئەھۋالىم بەتەر.
قۇزاق، قۇرغاچ سىھىرگەر دۇنيا،
قۇشمۇ-تۇشتىن يېپىشتى خەتەر.

زاھىر بولدى «پەرىزات» چۈشۈك،
ئالۋاستى قىز ئىككەنسەن ئەسلى.
ئايىغىڭدا بولغىنىپ تۇپراق،
پايخان بولدى گۈل چىچەك پەسلى.

ئىسىت، ئىسىت بەخۋاشلىغىمغا،
جىلۋە قىلساڭ «پەرى» دەپتىمەن.
سۇنغىنىڭنى كەمپىت دىگەنتىمىك،
كەمپىت ئەمەس ئوغا يەپتىمەن.

يىمدىڭ گاھى گۆشۈمنى شىلىپ،
ۋە خالىساڭ ئىچتىڭ قېنىمنى.
چىرايىمنى قىلىپ زەپىران
ئۆپراتتىڭغۇ ئەزىز جېنىمنى.

ئاھ، ئاخىرى ئىلان غارىنغا،
«شاھزادە»* دەك جادۇ قىلدىڭسەن.
قانغا بوياپ خەنجەر ئاستىدا،
بەدىنىمنى كۈندە تىلدىڭسەن.

---

* «مىڭ بىر كېچە» دىكى جادۇ قىلىنغان شاھزادە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

نومۇس ئىدى يىغلاش ئەر ئۈچۈن،
كۆزلىرىمدىن قۇرۇمىدى ياش.
قان ـ يىشىمغا زامىن بولدۇڭ سەن،
«پەرى» سىياق نىجىس باغرى تاش.

تەسىرلىنىپ تۆكتى بۇلۇت ياش،
تىترىدى يەر ئاھۇ ـ زارىمدىن.
تەرك ئەتتى مېنى كاج قىسمەت.
يۇلتۇزۇمدىن، ئىشقى بارىمدىن.

ئىشىپ چۈشتى دوزاقتىن، يارەب،
جادىگەرنىڭ قىيناپ ئۆرتىشى...
شۈكرى مېنى قۇتقۇزدى جىندىن،
خىزىر سۈپەت شەپقەتلىك كىشى.

ئەجەل تاپتى رەزىل ئالۋاستى،
كەلدى ماڭا كۈلمىدىغان پەيت.
كۆكنى قۇچقان خەندان كۈلكەمدىن،
قىلىندى يار، خوشاللىغىم قەيت.

«مىسلى» ئاتلىق بىۋاپا راستىن،
ياۋۇزلۇقتا بولدى يىگانە.
مەنلا ئەمەس كۈرمىگلارنى ئۇ،
باھارىدىن قىلدى بىگانە.

پۈشايماندىن پۈتتى كۆپ كىتاپ،
كۆڭۈل ئۈندىن ساۋاق ئالغۇسى.
شۇ ئىبرەتلىك تارىختىن مەڭگۈ،
ئەۋلاتلارغا نىشان قالغۇسى.

1980 - يىل، ئۆكتەبىر.

## ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرى

### مەرۋايىت ۋە شەبنەم

— ئالدىمدا خەستكىمۇ ئەرزىمەس شەبنەم،
دىگەنتى مەرۋايىت كۆز سېلىپ قىيا.
— ياق، — دىدى جىلۋىگەر شەبنەم جاۋابەن،
قاراپ باق كىمگە بەك ئامراق گۈل - گىيا.

ناھاتكى مەرۋايىت سۆيمەس غۇنچىنى،
بولالماس شەبنەممۇ ئۈنچە - مەرۋايىت.
ئۆزئارا كەمسىتىش يارىماس ئەسلا،
ھەممىنىڭ خىسلىتى ئۆزىگە لايىق.

### گۈل - گىيا ۋە يامغۇر

شاتلىنىپ گۈل - گىيا دىدى يامغۇرغا:
تامچىڭىز ياشناتتى گۈلۈم بەرگىنى.
— باھارغا رەھمەت ئېيت، دىدى يامغۇرجان،—
چۈنكى ئۇ يېنىڭغا ئەۋەتكەن مېنى.

## قېرىنداش بىلەن رېزىنكە

— دوستلۇقنى خالىدىك نىچۈن مەن بىلەن؟
قەلەمگە رېزىنكە قويدى سوئال - سۆز.
— چۈنكى مەن خاتانى تۈزەشكە قابىل،
دېدى - دە، قېرىنداشى تىكتى خوشال كۆز.

ئويلىدىم: بۇلارنى ئىنسان ياراتقان،
بولالماس بەزىلەر قېرىنداشچىمۇ.
كىبىردىن مېھرىنى ئۈزمىگەنلەرگە،
قېرىنداش خىسلىتى ياخشى ئۈلگىمۇ؟

## بۇلاق

فۇنتاندەك ئېتىلىپ زېمىن تەكتىدىن،
تىنىمسىز ئۇخچىيدۇ چەشمىلەردىن سۇ.
چىمەنلەر لېۋىنى سۆيۈپ شادىمان،
گۈلباغلار قوينىغا ئاقار دائىم ئۇ.

قارايمەن ھەۋەستە زۇمرەت سۇ گويا،
جۇلالاپ چاقنىغان ياقۇتتەك زىلال.
يار بىلەن ئولتۇرسام بۇلاق بويىدا،
زىلال سۇ ئەكسىدىن كۆرۈندى ھىلال.

دېسەممەن: بىمارنىڭ شىپاسى بۇلاق،
سىنىڭدىن سۇ ئەمەس ئاقار مۇھەببەت.
دېدى ئۇ: ئانا يەر تەرىپكە تالىق،
شۇ بىلەن مەڭگۈگە ئۈزۈلمەس شەرۋەت.

## قار سۈيى

«سۆلدۈرار گۈللەرنى تومۇزنىڭ قەھرى،
جانانلار لېۋىنى ئېتەر گەز ـ گەز چاك.
قار سۈيى سەن بىلەن ياشناپ گۈل ـ گىيا،
شەرۋەتكە قانىدۇ چاڭقاق زېمىن ـ خاك...

قار سۈيى ئۇشتۇمتۇت كەلدى زۇۋانغا:
ناھەمغا مۇناسىپ ئەمەس بۇ تەرىپ.
چاچمىسا مۇبادا قۇياش نۇرىنى،
شەرۋەتكە قانداقمۇ بولاي مۇشەرىپ؟

بۇ سۆزدىن شۈبھىسىز كۆردۈم ھەقىقەت،
بولمىغاي مەۋجۇدات بولمىسا قۇياش.
قۇياشنىڭ نۇرىنى ئەمسىمۇ گەرچە،
شۇنىسى ئېرىمەس چەكسىز تاغۇ ـ تاش.

قار ـ مۇزلار رولىنى كىچىك چاغلىماڭ،
باغلانغان ئۇنىڭغا بىزدىكى بارلىق.
ئېيتىڭلار، يارانلار سۆيۈنمەس كىملەر؟
تاغلاردىن چۈشكەندە كۆمۈشرەڭ بارلىق.

## دەرەخ خىسلىتى

جاھاننىڭ زىننىتى، كۆركى ئەي دەرەخ،
بوستانلار سەن بىلەن ياساندى پۈزۈر.
ئاددىسى قايسى بولسام مېھمىنىڭ،
يايرىغاي سايەڭدە كۆڭلۈم بەھۇزۇر.

قارىسام، قارىغاي. ئارچا، توغراقلار،
جەزىرە، تاغلارغا بوپتۇ يېشىل تاج.
ئويلايمەن چوكىدىن ئىمارەتكىچە
بار ساڭا ئالەمدە قانچە ئېھتىياج؟

تۆت پەسىل ھاياتىنىڭ زەۋقىنى سۈرۈپ،
بىپايان مۇھىتتا قەد كېرىسەن شات،
ئۇزىتىپ قانچىلاپ زىمىستان قىشنى،
مۇدھىش سوغ، جۇدۇندا چەكمەيسەن پەريات.

سىڭدۈرگەن تېرىقچە ئەجرىمىز ئۈچۈن،
ئالىمىز سېنىڭدىن تاۋۇزدەك بەھىر.
يېتىلسە بىزدىمۇ سەن كەبى خىسلەت،
مەئىشەت تاپاتتى بۇ ئۇلۇغ دەۋر.

## مېنىڭدەك ناتاۋان بولمىسا نەۋرەم

جەننەتۇل باغلارنىڭ شاھى ئەي ئانار،
قىپ - قىزىل دۈردانەڭ يۈرەككە داۋا.

بۇلبۇللار رەڭمۇ - رەڭ گۈلگە كۆيگەندەك،
ئىشقىڭدا مەنمۇھەم قىلىمەن ناۋا.

— نېمەمگە شۇنچىلىك قىزىقتىڭ يىگىت،
يەر بىلەن تەڭ تۇرسا زەئىپ بوي قەددىم.
ئازغىنا ئەرزىمەس نېمىتىم بىلەن،
ئۆزەمنى ماختاشقا بار نېمە ھەددىم؟

نىمجانلار ياشنايدۇ شەرۋىتىڭ بىلەن،
دېدىمەن: ئەمەسمۇ ماختىشىم يوللۇق.
دېدى ئۇ: نەپ بەردىم ئەلگە قانچىلىك؟
بولسامچۇ ئۇرۇكتەك سېخى كەڭ قوللۇق!

بىلىمسەن راھەتكە ئامراقلىغىمنى،
شۇۋەجى دېخانغا چۈشەر كۆپ جەۋرەم.
ئويلايمەن دائىما: ئاينىمسا نوتام،
مېنىڭدەك ناتاۋان بولمىسا نەۋرەم.

## خالىس كوتكوچى

بالىنىستقا كېلەر خۇش چىراي،
كۈن ئارىلاپ بىر قىز - پىئونېر.
كېسەللەردىن سوراپ ھال - ئەھۋال،
ياتاقلارنى كېزەر بىرمۇ - بىر.

ئون ئۈچ ياشلىق شۇ زېرەك قىزنىڭ،
ئەڭنى تازا، ھۆسنى غۇنچىدەك.
گالىستۇكى تاۋلانسا چوغدەك،
زىناقلىرى چاقنار ئۈنچىدەك.

بولۇپ ئۇندا خالىس «كۆتكۈچى»
ئۆي سۈپۈرۈپ: توشۇيدۇ چاي، سۇ.
ئاغرىقلارغا ئىچكۈزۈپ دورا،
زەئىپ تەنگە بېرەر دەرمان ئۇ.

ئوقۇپ بەرسە چاللارغا گېزىت،
تاراپ قويار ئانا چېچىنى...
سەبى قىزنىڭ ئىسىل خىسلىتى،
جانلاندۇردى بىنا ئىچىنى.

داۋاملاشتى بۇ ئىش ئۈزۈلمەي،
تەسىرلەندى ھەممە شوخ قىزدىن.
ھاياجاندا ئېغىر كېسەللەر
يەڭگىلگەندەك بولۇشتى تېزدىن.

«قىزىم نېمە ئىسمىڭىز» دېسە،
جاۋاپ بېرەر: «پىئونېر ئىسمىم»
سورىسىمۇ يېنىشلاپ شۇنداق،
بىلەلمىدى ئىسمىنى ھېچكىم.

× ×

رەھمەت خېتى كەلدى مەكتەپكە،
ھەپتىدىلا نەچچە ئون پارچە.
شۇ ئىسىمسىز «لېي فېڭچە قىز»غا،
ياغدۇرۇشقا تەشەككۇر بارچە.

خۇرسەن بولۇپ مۇدىر قەۋەتلا،
سۈرۈشتۈردى، كۆزەتتى شەخسەن.
ھە، تېپىلدى شەرەپ ئىگىسى
ئىكەن بۇ قىز ئەلاچى روشەن.

چوڭ يىغىندا تەقدىرلەندى ئۇ،
كۆپچىلىككە بەردى ئىلھام قىز.
لېي فېڭچە روھ، ياخشى خىسلەتلەر،
مەكتەپ ئىچرە ئەۋج ئالدى تېز.

دوستلار بۈگۈن نەگە بارسىڭىز،
لېي فېڭچىلار ھەمدەمدۇر سىزگە.
ئۇلۇغ جەڭچى قايتىپ قوشۇنغا،
مەنىۋى روھ بەرمەكتە بىزگە.

1981 - يىل، مارت.

# بەيگە قوشاقلىرى

(چاتما)

## مۇقەددىمە

ئىللىق قويۇن ئاچتى ئالتۇن كۈز،
يايدى يۇرتۇم داستىخانىنى كەڭ.
لەززىتىنى تېتىپ بەختىنىڭ،
شاتلىقىدا كۈلدى بارچە تەڭ.

بولۇپ ئورتاق شاتلىققا مەنمۇ،
سېخى ئېتىز، باغلارنى كەزدىم.
سىرداش تۇتۇپ بەيگىچىلەرنى،
ئۆزەمنىمۇ بەيگىدە سەزدىم.

## مەدىنىي دېخان

ئېتىزلىقتىن تاپتىم كېرەمنى،
(بۇ ئەمەسمۇ كۈزگى تېرىمى.)
تەئەللۇقكەن ئاگامەن ئۇقسام،
بۇ سالانىڭ چورتلا يېرىمى.

گاڭ ئۆكۈزگە مىنىپ يۈرتدىشىم،
كەڭ ئېتىزنى بويلاپ كېلىمدۇ.
زور پىلاننى تېڭىپ قەلبىمگە،
كېلەر يىلنى ئويلاپ كېلىمدۇ.

مىيالكىمغا قونۇپ ئايالى،
مۇنبەت يەرگە سالماقتا ئۇرۇق.
ئادەم توپى كۆرۈنمەس، چۈنكى،
ھەممە ئىشقا قادىر گاڭ تورۇق.

ئۆ كۈزنى توختىتىپ كېرەم،
كۈلۈمسىرەپ كەلدى مەن تامان.
— قايسى شامال ئەكەلدى سېنى، —
دىدى، — دوستۇم تۇردۇڭمۇ ئامان.

تەرپىڭنى ئاڭلاپ شۇجىدىن،
زىيارەتكە كەلدىم قېشىڭغا.
كۆمۈلۈپسەن ئوقەتكە راستىن،
ئامەت قۇشى قونۇپ بېشىڭغا.

— كارامەت ئىش قىلمىدىم پەقەت —
كۆزلىگەن شۇ پەللىگە يەتتىم.
يىل بېشىدا تۈزگەن پىلاننى،
ئىش يۈزىدە تولۇق كۆرسەتتىم.

ئەرزىمەيدۇ ماختاشقا بىراق،
غەمخورلۇققا قايتۇرغىنىم ئاز.
باش قاتۇرما مەن ئۈچۈن دوستۇم،
ئۆلگىلەرنىڭ تۆھپىسىنى ياز.

كېرەم بىلەن بولۇپ ھەمسۆھبەت،
ئويلىغاندەك ئالالمىدىم گەپ.
ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چۈشتە،
تاپتىم يەنە دۈيجاڭنى ئىزلەپ.

«ئونىنچىنى پۈتتۈرۈپ كېرەم،
دۈيگە قايتقان مەدىنىي دىخان.
ئاشۇ ئىسىل خىسلەت ئىگىسى
يايدى كۆپكە خالىس داستىخان.

رەھىمىتىگە ئېرىشتى نۇرغۇن —
يالغۇز موماي، مېيىپ چاللارنىڭ.
غەمگۈزارى بولدى ھەمىشەم،
بېشىنى سىلاپ يېتىم باللارنىڭ.

باشقىلارغا ئىشلەيدۇ ھەقسىز
تىنىم تاپماي تۆمۈر ئۆكۈزى.
يۇرتداشلارغا بەرمەكتە رىغبەت،
ئۇنىڭ ئىشى، ئۇنىڭ ھەر سۆزى.

بۇ يىل ئۇنىڭ تۆھپە بۇغدىيى،
ئالتە تۈمەن جىڭغا ئۇلاشتى.
تاڭشەن سورتىنىڭ مولۇق ھوسۇلى،
بىرمىڭ ئىككى يۈز جىڭدىن ئاشتى.

تۈنجى بولۇپ بۈزدى رېكورتنى،
ۋىلايەتتە بولدى ئۇ ئۈلگە.
ياغدى ئالقىش شەنىگە ئۇنىڭ —
قۇچاقلىرى تولدى ھەم گۈلگە.

ئۇ يېقىندا دەريا بويىدىن،
ئاچتى يەنە ئوتتۇز مو بىنام.
كېلەر يىلى ئاگا تېخىمۇ،
ئامەت قىزى تۇتقاي قوشلاپ جام.

مۇخبىر ئەمدى تۈمەنجىڭچىلار —
تىزىمىدىن ئۆچۈرۈلۈك ئۇنى.
ئەجەپلەنمەي، يۈز مىڭجىڭچىلار،
قاتارىغا كۆچۈرۈلۈك ئۇنى.

ئاشۇلارنى سۆزلىدى دۇيجاڭ،
چاخچاق بىلەن گەپنى تۈگەتتى.
يازدىم خەۋەر كېرەم ھەققىدە،
ئارزۇلىرىم مەنزىلگە يەتتى.

## يېشىل سىپىل

يېشىل سىپىل ھەققىدە دۇيجاڭ،
سۆزلەپ بەردى ماڭا ھىكايە...
— بۇندا ئۇنىڭ كۆپتۇر مىسالى،
بىر ئىشتىنلا دىسەم كۇپايە.

«كۆرگەن ئەلا، مىڭ ئاڭلىغاندىن»
كۆرۈڭ ئاۋال ئۇنى سىز قېنى،—
دىدى - دە، ئۇ ھاياجان بىلەن
ئورمانلىققا باشلىدى مېنى

كەتمەن تۇتۇپ كۆچەتزارلىقتىن،
ئەسسالام دەپ چىقتى بىر كىشى.
(كەكە ساقال، تەمبەل كىشىنىڭ
ئورمانچىلىق ئىكەن زور ئىشى.)

قىلدى ئىزھار يۈرەك سۆزىنى،
ھىسسىياتىن ئەيلىدى بايان.
ئورمانچىنىڭ خۇشخۇي چېھرىدىن،
بولدى چەكسىز شاتلىقى ئايان.

× ×

ئېلىپ كەلدى باھا ساباسى،
ئەزىز يۇرتقا تۈگىمەس شاتلىق.
قاھ - قاھ ئۇرۇپ كۈلدى كۆڭۈللەر،
قايناق ھىسلار ئىلكىدە تاتلىق.

ئۈنىڭ قەلبىن يورۇتتى كۈندەك،
شانلىق قارار، ئەڭگۈشتەر ھۆججەت*
بەردى ئىلھام، سادىر تاغامنىڭ —
غەيرىتىمنى ئۇرغۇتتى قەۋەت.

كېڭەش تۈزۈپ ئۈچ ئوغلى بىلەن،
تېگى ئىشقا چۈشتى بەل باغلاپ.
تەبىئەتكە جاكالىدى جەڭ،
ئۇ ئۆزىنى باھادىر چاغلاپ.

سالدى مەبلەغ بەش مىڭ بىر يۈز كوي،
قىلدى ئەجرە، تۆكتى كۈمۈش تەر.
دەشت ـ چۆل بىلەن ئېلىشىپ بىر ئاي،
بىنا قىلدى بىر يۈز ئون مو يەر.

بەردى گۈڭشې ئۇلارغا مەدەت،
ئەل ـ خوشنىلار بولۇشتى ھەمدەم.
ئەلمىساقتىن ئۇيقۇدا ياتقان،
قاقاس سايغا باشلىدى زەمزەم.

شەپىسىنى ئېلىپ باھارنىڭ،
جىرىم تىكتى بوزغا رەتمۇ ـ رەت.
جىگدە، چىغان تىكسە چېتىگە،
تىكتى قىرغا سۆۋادان تېرەك.

* مەركەزنىڭ ئىككى 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى دېمەكچى.

تۈزلەپ تەكشى ئۇن نەچچە مونى،
بىنا قىلدى كۆز تەككىدەك باغ.
تىكىپ ئالما، ئانار ھەم ئۈرۈك،
بەردى ھۆسۈن زېمىنگە شۇ چاغ.

ئايلانما قتا يېشىل سىپىلغا،
شۇ كۆچەتلەر ئۆسۈپ باراقسان.
كۆچۈپ كەلدى قۇشلارمۇ بۈگۈن،
گۈلىستاننى قىلىشىپ ماكان.

× ×

تەسىرلىنىپ دېدىم ئۆزەمگە:
مەدھىيىگە لايىق بۇ كىشى.
(ئورمانچىلىق بوپ قاپتۇ ئۆزىنىڭ،
چىن ئەقىدە باغلىغان ئىشى.)

قانچىلىغان سادىر تاغاملار
چۆلگە يۈرۈش باشلىدى بۈگۈن.
ئېلىپ ئىلھام ھۆججەت روھىدىن،
ئالغا قەدەم تاشلىدى بۈگۈن.

## ھاشىم تۆگىچى

«چۆل كېمىسى» دەيدۇ تۆگىنى،
مەن ئەزەلدىن بۇ سۆزگە قايىل.
ئېھتىياجسىز قالمىغان ئاڭا،
ئارخىلوگ، شاھ ۋە ياكى سايىل.

ئۆتتى دۇنيا ئاتوم دەۋرىدىن،
بار يەنىلا ئۇنىڭغا ھاجەت.
يېتەر ئىنسان قەدرىگە ئۇنىڭ،
قۇم بارخىنى كەزگەندە ھەررەت.

ئەزىزلەيدۇ ھىلىھەم ئۇنى،
يۇرتىمىزنىڭ مۆيسىپىتلىرى.
دۆڭباغدىكى ھاشىم تۆگىچى
تېپىك مىسال — شۇلارنىڭ بىرى.

سەپراس قىلىپ ئوتتۇز تۆگىنى،
كارۋان سىپى تۈزۈپ كېلەر ئۇ.
ئېغىر يۈكنى ئېلىپ زىمىنگە،
بەيگىلەردە ئوزۇپ كېلەر ئۇ.

× ×

ئارخىلوگلار كەلدى كۆگشېغا،
ئۈجمىلىككە* باشلىدى يۈرۈشى
خارابىدىن تېپىشچۈن گۆھەر،
ئېلىپ بارماق بولدى تەكشۈرۈشى.

تۇستى بىراق يولنى دۆۋىلەر،
زۆرۈرىيەت چۈشتى «كېمە» گە.
ھاشىم تاغام دىدى: مەن تەييار،
چۈشسە ھاجەت قاچان نىمىگە.

* تەكلىماكاندىكى خارابە نامى.

بولۇپ پىدا تاغام شادىمان،
قۇملۇقلاردىن ئاچتى راۋان يول.
مەسلىھەتچى بولدى ئۇلارغا،
بولدى ھەمدە ئىشتا قولغا ـ قول.

قىلىپ مېھنەت كۈندۈز ھەم كېچە،
دۆڭلەر ھالقىپ چارچىمىدى ئۇ.
تۆگە تارتىپ ئىككى ئايغىچە،
توشۇپ بەردى ئوزۇق، شەرۋەت سۇ.

ئارخىلوگلار سۆيۈندى چەكسىز،
تۆگىچىگە ياگراتتى ئالقىش.
گۈلشەن دىيار قوينىغا تېزلا،
ناخشا بولۇپ تارالدى بۇ ئىش.

## خوجايىن

ئاق بۇلۇتتەك ئاپپاق توخۇلار،
كەڭ سەيىنادا دانلايدۇ يايراپ.
ئىگىسىنى چىللايدۇ تىنماي،
«ھوسۇل يىغىڭ» دىگەندەك سايراپ.

بۇ يەردىكى توخۇ فېرمىسى،
يىل بېشىدا تونۇلغان بىزگە.

كارامەتلىك ئىشىنى ئۆتۈنىڭ،
تونۇشتۇراي كىتاپخان سىزگە.

كۆز ئالدىمدا كۈلۈپ تۇرغان قىز،
بۇ فېرمىغا بولدى «خوجايىن»
زەپەر بويلاپ ئۆرلىدى جانان،
تاپتى راۋاج فېرما كۈنسايىن.

«بۇدۇر تېخى تۇنجى باشلىنىش،
ئاچماق قىيىن نەتىجىدىن گەپ.
ئىشەنچ كامىل بۇ كەسپىم بىلەن،
يەتكۈزەرمەن ئەلگە چوقۇم نەپ.»

«خوجايىن» نىڭ سۆزىدىن مېنىڭ،
ۋۇجۇدۇمغا قوشۇلدى دەرمان.
توخۇلارغا زوقلىنىپ سىرتتىن،
قىلدىم سۈرەت ئالماقنى ئارمان.

مەقسىدىمنى بىلگەندەك ئۇمۇ،
قىلدى تەكلىپ فېرمىغا شۇدەم.
كۆك خالاتنى كىيگۈزدى ھەمدە،
ئايىغىمغا پۈركىدى مەلھەم.

مۇددىئانى چۈشەنگەچ قەلبىم،
ھېس قىلمىدىم ھەيرانلىق ئاڭا.

ئىشچان قىزنىڭ پاراسەت ـ دىتى،
بەخىش قىلدى زوق ئىلھام ماڭا.

قەۋەت ـ قەۋەت توخۇ ئۆيلىرى،
سالدى ئەسكە زاۋۇت سېخىنى.
دىخان قىزنىڭ كارامىتىدىن،
كۆللىنىشىنىڭ كۆردۈم بېغىنى.

ھوسۇل يىغدى سىڭىللار شۇ تاپ،
تۇخۇم بىلەن تولدى بەش سېۋەت.
يەتكۈزەركەن ئۇنى شەھەرگە،
موتوت بىلەن كۈندە بىر نۆۋەت.

يىمەكلىكلەر زاۋۇدى بىلەن،
تۈزدى دىگۋار يەنە تۈنۈگۈن.
قىلىنىڭ دوستلار قىزنى زىيارەت،
يېڭى بايلار تىمپى ئۇ بۈگۈن.

## ھەرىپەتچىل ئادەم

ئۆتتى ئۈچ كۈن، بۈگۈنمۇ يەنە،
قۇياشى مۆكۈپ قىزاردى ئۇپۇق.
كەچتى شەپەق بېزەپ تاغلارنى،
ھەلىلەرگە ياپتى زەر يوپۇق.

بەختى كۈلگەن دىخان تاغامغا.
مېھمان بولدۇم شۇ كۈن كەچقۇرۇن.
پۇلۇ بىلەن كاۋاپ يېيىشنى،
كىم تەسەۋۋۇر قىلاتتى بۇرۇن؟

ساناپ بولماس داستىخاندىكى —
كۆزنى چاقنان نېمەت خىلىنى.
قىيام بولۇپ پىشقان ئۈزۈملەر،
يىگەنلەرنىڭ يارار تىلىنى.

گۈل چېكىلگەن ئايۋان - سارايلار
كۆڭۈللەرنى مەپتۇن قىلىدۇ.
چارباغنىڭ گۈلزارلىقىدىن،
مۇشكى ئەنبەر ھىدى كېلىدۇ.

ئۇنىڭ كۈركەم كۈتۈپخانىسى،
قىزىقتۇردى مېنى نىھايەت.
كۆرۈپ ھېكمەت بۇلاقلىرىنى،
ئوتلۇق دىلىم كۈچ ئالدى غايەت.

يۈزلەپ، مىڭلاپ بىلىم قامۇسى،
ئىشكاپىلارغا تىزىلغان قاتار.
سانسىز زوقمەن قەلبلەرنى ئۇ،
مەرىپەتنىڭ رىشتىگە چاتار.

مەھەللىنىڭ ياشلىرى كۈندە،
ئۆگىنىدۇ بۇ يەرگە كېلىپ.
قايتىشىدۇ پۈتمەس - تۈگىمەس،
روھى ئوزۇق، شىجائەت ئېلىپ.

جاھاننامە خۇمارلىرىغا،
مېھمانخانا تولدى بۇ ئاخشام.
مەرىپەتچىل سادىق تاغامغا،
مېنىڭ شۇتاپ ياڭرىدى ناخشام.

قايتۇرالماي رايىنى ئۇنىڭ،
قونۇپ قالدىم ئۆيىدە شۇ كېچە.
ئۇيقۇ يىراق كۆزلەردىن ئەجەپ،
ئۆلپەت بولدۇق سائەت ئۈچكىچە.

# خاتىمە

مەپتۇن بولدۇم زىيارىتىمدىن،
تەسىراتقا تولدى دەپتىرىم.
قايتتىم، بىراق يېزام كۆكىدە،
پەرۋاز قىلار خىيال كەپتىرىم.

ئالغىلىمىغان، تېخى كۆرمىگەن،
مۆجىزىلەر بىھېساپ ئۇندا.
يېڭى نەزمە باشلىسام دەيمەن،
هايات بىلەن سىردىشىپ شۇندا.

1984 - يىل، سېنتەبىر.

ياسىن ئىمىن

# تاڭ ئىلھاملىرى

# ۋەتىنىم — ئانا

ئەي ئۇلۇغ ئانا، سۆيۈملۈك ماكان،
ئېيتقىنا، دىلىڭ كۈلگەنتى قاچان؟
شۇم ئۆتمۈش زامان بولغاچ زىمىستان،
قايسىبىر يوقسۇل بولغانتى ئامان؟

كۈلدى تاڭ بىلەن باغرىڭدا گۈللەر،
كۈلدى تاڭ بىلەن مىسكىن كۆڭۈللەر.
سايرىدى كاككۈك ھەمدە بۇلبۇللار،
تاشتى يۈرەكتە شاتلىق ـ ھاياجان.

چەكسىز چۆللىرىڭ سۇسىز سايلىرىڭ،
كۆكلەرنى سۆيگەن ئېگىز تاغلىرىڭ،
پۈركىنىپ گۈلگە ھەممە جايلىرىڭ،
بولدى يۈرەكلەر مەپتۇن گۈلىستان.

پارتىيە بولغاچ ئۆچمەس نۇر ـ چىراق،
قاچتى باغرىڭدىن قايغۇلار يىراق.
مەرىپەت گۈلى چاچتى خۇش پۇراق،
بولدى خۇراپات يەر بىلەن يەكسان.

ساڭا ئۆتمۈشتە بۆرە خان ئىدى،
شۇڭا يۈرەكلەر لەختە قان ئىدى.

يوقسۇلدا بېرى تەن ۋە جان ئىدى،
باغرىڭ ئىدىكى مۇدھىش گۆرىستان.

پەيغان توشۇپ، سەۋرى پۈتكەندە،
تاقەتلەر تۈگەپ چەككە يەتكەندە.
زۇلۇم سۆڭەكتىن جانغا ئۆتكەندە،
قوزغالدى خەلق كۆتىرىپ ئىسيان.

«ئىنتىقام!» دېدى ۋەتەن دالىسى،
«ئىنتىقام!» دېدى يوقسۇل بالىسى.
«ئىنتىقام!» دېدى بوۋاق ئانىسى.
ئاتتى غەزەپتىن يۈرەكتە ۋولقان.

بولدى جانىجان پارتىيە يولباشى،
ئەگەشتۇق ئاڭا جىمى قېرى-ياشى.
جەڭدە قان ئاقتى، تۆكىلدۇق كۆز ياشى،
نۇرلاندى قاندىن ئۇلۇغۋار نىشان.

تۇتۇپ قىزىل تۇغ تاغ-داۋان ئاشتۇق،
شانۇ-زەپەرگە يۈرەكنى ياقتۇق.
زۇلۇم تەختىنى غەزەپتە چاقتۇق،
بۇلۇت تارقىدى، سۈزۈلدى ئاسمان.

بۈگۈن باغرىڭدا ھايات قاينايدۇ،
شاتلىنىپ كاككۇك، بۇلبۇل سايرايدۇ.

سايرايدۇ ئەبەت، سايراپ تالمايدۇ،
بەختىيار خەلق بولدى غەزەلخان.

ئەي ئۇلۇغ ۋەتەن جانىجانىمىز،
سەن بىزگە ئانا قەدىردانىمىز.
سېنى گۈللەيمىز، سېنى قوغدايمىز،
بىز ئۈچۈن مەڭگۈ بولغىن سەن ئامان.

1981 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## تاڭلار خاتىرىسى

شۇ دۇنيا بىنا بوپ ھازىرغا قەدەر
ساناشقا سان يەتمەس تاڭلار ئاتقاندۇ.
ھەر تاڭنىڭ ھەر جانغا ئىنئامى باشقا —
بولغاندۇ، كۆپلىرى ئازاپ تارتقاندۇ.

ھاياتتىن كۆز يۇمۇپ قانچىلاپ مەزلۇم،
ئامالسىز تاغلاردىن ئۆزىنى ئاتقاندۇ.
شۇ تەڭسىز دۇنيانىڭ قانچە تېڭىدا،
قانچىلاپ ئاق دىللار قېنى ئاققاندۇ.

قانچىلاپ تۈنلەردە، قانچىلاپ مىسكىن،
زارىقىپ ئۆزىنىڭ تېڭىنى كۈتكەندۇ.
ھەق تېگى ئاشىقى قانچىلاپ جاننى،
ئىبلىسلار چاپقاندۇ ياكى ئاتقاندۇ.

شۇ تاغلار قاتارى قانچە باھاردا،
ئارماندا قانچىلاپ گۈللەر سۇلغاندۇ
گۈللەرنىڭ ئىشقىدا قانچىلاپ بۇلبۇل
يۈرىكى ھەسرەتكە، دەرتكە تولغاندۇ.

تاغقىچە سەۋرىنىڭ قاچىسى توشۇپ،
گىرۋەكتىن تاشقاندۇ، سەلدەك ئاققاندۇ.
غەزەپلىك چىرايلار تىزىلىپ سەپكە،
جاھالەت تەختىگە ئوتلار ياققاندۇ.

ئەجداتلار شۇ تاغدا ئەركىنلىك ئىزلەپ،
قانچىلاپ قوۋۇقنى ئۇرۇپ چاققاندۇ.
يوقسۇللار دىلىدىن كۈلۈپ قاقاقلاپ،
شۇ تاغنىڭ كۆكىگە كۈلۈپ باققاندۇ،

جاھالەت تۈنىگە بېرىپ خاتىمە،
ئاقىۋەت ھەقىقەت تېڭى ئاتقاندۇ.
شۇ تاغنىڭ قوينىدا قانچىلاپ ئاشىق،
ۋىسالغا يەتكەندۇ، مۇرات تاپقاندۇ.

شۇ تاغلار قاتارى قانچە باھاردا،
بۇلبۇللار گۈللەرنى سۆيۈپ كۈلگەندۇ.
تۈنلەرنىڭ ئاشىقى قانچىلاپ قوزغۇن،
ھەسرەتتىن ئۆرتىنىپ كۆيۈپ ئۆلگەندۇ.

شۇ تاغلار رېتىدە كەلدۇق بۈگۈنگە،
جاھالەت ئەبىدى كەلمەسكە كەتكەن.
كۈلەر دىل سۆيۈنۈپ، كۈلەر تاغ - دەريا،
بۇ تاغدا بارچە جان مۇراتقا يەتكەن.

مەن ئاشۇ تاغلارنىڭ ئەڭ تۇنجىسىدا،
كۈلگەنچە تۇغۇلدۇم، كۈلۈپ ياشىدىم.
ھەر كۈنۈم بېتىمگە سالدىم قانچە ئىز،
ئەتىكى تاڭ ئۈچۈن جاننى ئاتىدىم.

ھەر سەھەر تاڭ ئاتار ۋە يەنە كېتەر،
شۇ تاغلار قاتارى يىللارمۇ يۈتەر.
يىل ئەمەس، ھەربىر تاڭ ماڭا ئۆزگىچە،
سوئاللار ياغدۇرۇپ جاۋابىن كۈتەر.

جاۋابىم: ھەربىر تاڭ ئۆمرۈم ۋارىقى،
كەتكىنى كەلمەس ھىچ ئىككىنچى قېتىم.
شۇڭلاشقا قالدۇراي ياشاشتىن نىشان،
ئەۋلاتلار يادلىسۇن، ئۆچمىسۇن ئېتىم.

1982 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## تۇتاش يوللار

سانسىزلىغان تۇتاش كەتكەن تومۇرلاردىن
ئاقار ئۇخچۇپ قىزىل قانلار مىسلى قىيان.

ئۈزۈلمىسۈن قايسى بىرى، شۇ دەقىقە —
ئۈلانمىسا، قالماس پەقەت جانىمۇ ئامان.

خۇددى ئاشۇ تومۇرلاردەك تۇتاشى كەتكەن
تۇتاشى يوللار بىزگە قالغان ئەجداتلاردىن.
تاغنى تېشىپ، ھاڭنى تۈزلەپ ياسالغان ئۇ،
كەتمەن - گۈرجەك، مىتىن بىلەن جۇپ قوللاردىن.

شۇ يوللارغا ئىزلار قويۇپ قانچە مەرتلەر،
ئۈزگەن نەپەس، ئەمما يوقتۇر قەۋرىلىرى.
قالسا بوۋاي، قالسا ئاتا چۆل - دەشتلەردە،
شۇ ئىزلاردىن كەلگەن ئۇنىڭ نەۋرىلىرى.

گىزى كەلسە قانچە قورغان - سېپىللارنى
يوللار سىرى ئەجدادىمىز تېشىپ ئۆتكەن.
كارامىتى ئەمەسكى بۇ ئەۋلىيانىڭ،
تۇتاشى يوللار بۇ ۋادىدا شۇنداق پۈتكەن.

توساپ چىقسا قەدەمدە بىر يول ئالدىنى
بۆك جاڭگاللار، ھاڭ ۋە سايلار، ئېقىن سۇلار.
ھاڭ تىندۇرۇپ، جاڭگال يېقىپ، كۆۋرۈك ياساپ
ئۈزۈلدۈرمەي تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن ئۇلار.

تۇتاشتۇرغان تومۇرلاردەك يولنى - يولغا
ئەجدادىمىز، تۇتاشقىچە يوللار تولۇق.

ئۇلۇغ دىسە كونا سىپىل، مازار ئەمەس
ئەجداد ئەجرى ـ تۇتاشى يوللار يۆكسەك ئۇلۇغ.

تۇتاشقاندا شۇ يوللاردىن شەرق ـ غەرپ،
توختىمىغان بۇندا كارۋان يازۇ ـ قىشى.
شۇ يوللاردىن ئۆتكەن مىسىر، ئىران، ئىراق،
رىملار تامان ئۇنچە ـ مارجان ۋە قاشتېشى.

توختىمىغان، ئۆزۈلمىگەن بۇندا سەپەر،
بولسىمۇ يول ئەگرى ـ توقاي ھەمدە ئۇزۇن.
كەتكەن قانچە ئەللەرگە ھەم ماتا ـ چەكمەن،
زىلچا ـ گىلەم، شايى ـ ئەتلەس، تاۋار ـ دۇردۇن.

شۇ يوللاردىن ئۆتسە قانچە ھاشارچىلار،
ئۆتكەن يەنە يولنى توساپ قاراقچىلار.
ئۆتسە ئەل دەپ يەڭنى تۈرۈپ مەرت ئوغۇل ـ قىز،
ئارقىسىدىن كەلگەن پۇراپ ماراقچىلار.

شۇ يوللاردىن كىرسە بەزەن ئىلمۇ ـ ئىرپان،
شۇ يوللاردىن مىراسلارنى بۇلاپ كەتكەن.
ئىگىسىز قوي ئاچ بۆرىگە يەم بولغاندەك،
شۇ يوللاردا تالان ـ تاراج چەككە يەتكەن.

ھەقىقەت دەپ جاھالەتكە تىغ كۆتىرىپ،
ئۆتسە ئەلدىن سەپلەر تۈزۈپ قانچە يۈزى.

نۇر چاقنىتىپ كەلمەكتە ھەم بۈگۈنگىچە،
شۇ يوللاردا نۇزۇگۇمنىڭ باسقان ئىزى.

ئادالەت دەپ سادىرمۇ ھەم سۈرگۈنلەردە،
ئۆتمىگەنمۇ شۇ يوللاردىن سەرسان بولۇپ.
ئۆتمىگەنمۇ ئىشەك ھەيدەپ رەۋەندىلەر،
شۇ يوللاردىن دىلىغا قان، ھەسرەت تولۇپ.

ئەلنى بۇلاپ، ئەلنى تالاپ بەگ-زالىملار،
شۇ يوللاردا مىسكىنلەرنىڭ قېنىنى تۆككەن.
ھېرىپ قالسا مەپىدىكى خېچىرلىرى،
ئات ئورنىغا يوقسۇللارنى مىنىپ ئۆتكەن.

ئاڭلىناتتى يوللارسىرى تۇل-يېتىمنىڭ،
جان ھەلقۇمغا يەتكەن چېغى ئىڭراشلىرى.
چالا ئۆلۈك قانچە جاننى كۆمسە قۇملار،
ئەتراپىدا بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى.

ئاڭلانمايدۇ بۈگۈن بۇندا كارۋانلارنىڭ —
كولدۇرمىسى، مۇڭ ۋە ھەسرەت سادالىرى.
يەنە شۇ يول، لېكىن تامام تۈگەپ كەتكەن
يولۇچىنىڭ يوللاردىكى جاپالىرى.

يول-يوللاردا بۈگۈن سەپەر بەكمۇ راۋان،
ئۈزۈلمەستىن ئۆتۈپ تۇرار كوڭگىۋايلار.

مېھمانلارنى توختىماستىن توشۇپ تۇرار،
جاي ـ جايلارغا ئاپتوۋۇزلار، بولكىۋايلار.

چۈنكى بۈگۈن تاغنى تەشكەن، سىپىل تەشكەن
ئەجداتلارنىڭ ئەۋلاتلىرى يولغا چىقىپ.
يولنى ياسار، كۆۋرۈك سالار يوللارسېرى،
تاغنى تېشىپ، تاغ تاراشلاپ، تاغنى كېسىپ.

ئەجدادىمىز ئەۋلاتلىرى ـ يولچىلىرىم،
ياشاپ كېلەر ئۈم ـ ئىتتىپاق، بىر كىشىدەك.
تۇتاشتۇرار يولنى ـ يولغا، ئۈزۈپ قويماس،
چىن كۆيۈشكەن ئاشىقلارنىڭ دىل رىشتىدەك.

شۇ يوللاردەك تۇتاشى كەتكەن بارچە قەلب،
ۋە تۇتاشقان يېزا ـ قىشلاق، تاغۇ ـ شەھەر.
«يول ئازاۋى ـ گۆر ئازاۋى» دېگەنلەر يوق،
ھېچ قايغۇسىز باشلىنىدۇ ھەممە سەپەر.

ئاڭلانمايدۇ بۈگۈن پەقەت بۇ يوللاردا،
قاۋان، توڭگۇز، چىلبۆرىنىڭ ھۇۋلاشلىرى.
ئاچ، ئۇسسىزلىق، ھارغىنلىقتىن قۇملار بېسىپ ـــ
يىقىلغان تۆل ـ يېتىملارنىڭ ئىڭراشلىرى.

كەلمەكتىمىز بۈگۈن بىزمۇ شۇ يوللاردىن،
ئۇلۇغ غايە ـ كەلگۈسىگە ھۇللار قويۇپ.

ئۆتمەكتىمىز ھەر قەدەمدە يەرگە ئەمەس،
كۆكلەر ئارا ئىز قالدۇرۇپ، ئىزلار ئويۇپ،

ئانىلارنىڭ قۇچىقىدا ئانا بىلەن
كەلگەن، كەلدى ۋە كەلگۈسى گۈل ـ غۇنچىلار.
ئۇلۇغ ئارزۇ ـ تىلەكلەرنى دىلغا پۈكۈپ
شۇ يوللاردىن ۋەتەن دەپ ياش قۇرغۇچىلار.

يوللار ئۇزۇن، مەنزىل يىراق، سەپەر مۈشكۈل،
تومۇرلاردەك تۇتاشماقتا يوللار يەنە.
شۇ يوللاردىن قول تۇتۇشۇپ كەلمەكتىمىز،
شۇ يوللاردا ئىشىك ئاچار، غايە ئەنە.

1984 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## ئەجداد مىراسى

بازىرىمۇ مەرۋايىتنىڭ،
كوچا ـ كوچا قىزىپ كەتكەن.
لەيلى ياقۇت ـ ئۈنچىمۇ ئۇ،
ھەممىنى تەڭ جەلپ ئەتكەن.

كۆرۈندۇ گويا سەدەپ،
رەڭگى ئاپپاق، شۇنچە سۈزۈك.

يېغىنى يەر قارا كۆزلىك،
گويا كى ئۇ ئالتۇن ئۈزۈك.

ئەمگەكچى قىز، مارماس يىگىت،
شۇنىڭ بىلەن توي تارتىدۇ.
ناغرا چېلىپ، ئۇسۇل ئويناپ،
ناخشا ئېيتىپ كۈي قاتىدۇ.

جۈپ قوشى يۈرەك، ئالتۇن ئۈزۈك،
شايى ئەتلەس بولسىمۇ تەل.
قىز ـ يىگىتنىڭ قوشۇلۇشى
بىر ئۈندۈگىسىز بولمايدۇ ھەل.

ئۇيغۇرلاردا ئەجەپ ئادەت،
پولۇ بىلەن توي تارتىدۇ.
نەچچە كۈنلەپ مەشرەپ بىلەن
ئۇسۇل ئويناپ كۈي قاتىدۇ.

گۈرۈچ بولماي نەدە بولسۇن،
تائام شاھى پولۇ دىگەن؟
ئەجدادلاردىن مىراس قالغان
شۇ پولۇنى كىم يىمىگەن؟

زامانلاردىن ھازىرغىچە،
يۇرتۇم گۈرۈچ ماكانىدۇر.

بۈگۈنمۇ ھەم شۇ گۆرۈچلەر
گۆرۈچلەرنىڭ شاھانىمدۇر.

قاراڭ ئەنە گۆرۈچ دىگەن،
تاغدىمۇ بار، باغدىمۇ بار.
خىجىل ئەمەس ھىچبىر كىشى،
لازىم بولسا ھەر چاغدا بار.

كەتتى قانچە ئەللەرگە ئۇ،
بەزى ئەلدە دارا ئىمىش.
پۈتى باسماس بىمارلارنى
تۇرغۇزماققا چارە ئىمىش.

بەزى ئەلدە زەر خالتىمدا
تەكچىلەرگە تىزار ئىمىش.
نەچچە تالنى تۇمار قىلىپ
گۈزەللەرگە ئاسار ئىمىش.

باركەن شۇنداق رىۋايەتمۇ،
يەۋالسا ئىت يىرىپ ئالماق،
دانىسىنى قىلماي زايا،
يەرگە چۈشسە تىرىپ ئالماق.

بۇ دىمەكلىك، گۆرۈچ ئەمەس،
ئىنجا تىكارنى سۆي دىمەكتۇر.

ئۇلۇغ مېھنەت ـ گۈزەل يارنىڭ،
ئوتى بىلەن كۆيۈ دېمەكتۇر.

شۇڭا مەنمۇ ئۇلۇغلايمەن
ئەجدادىمنىڭ مىراسىنى.
ۋىجدانىمدىن جاۋاپ قىلىپ
ھالال يەيمەن غىزاسىنى.

..............................

ئەنە ئاۋات، قايناق بازار،
كوچا ـ كوچا قىزىپ كەتكەن.
ئۈنچە ـ ياقۇت ئەمەسكى ھېچ،
ئەلنى بۇنداق جەلپ ئەتكەن.

ئۇ گۈرۈچكى تاغار ـ تاغار،
مەرۋايىتلار دۇردانىسى.
ياسىلىدۇ پولۇ شۇندىن ــ
تائاملارنىڭ شاھانىسى.

1983 ـ يىل ئاۋغۇست، ئاقسۇ.

## ھۇ چاغدىلا

(بىر قىز تىلىدىن)

تاماكاڭنىڭ قىيقىپ كۆلىنى ــ
بارمىقىمغا، كۆيدىمۇ دېمە.

بالىلارچە بۇرۇنقىدەكلا
كۆيدۇم دېسەم كۆيمىدۇ دېمە.

تىككىنىمدە كۆزۈمنى ساڭا،
مېنى راستىن سۆيۈپتۇ دېمە.
ياكى سولۇپ قامغاق گۈلدەك،
مۇھەببىتى ئۆلۈپتۇ دېمە.

ئىبتىسام ساڭا، مۇھەببىتىم بار،
ئۇلۇغ ئانا ۋەتىنىم ئۈچۈن.
قىزىل گۈلگە ئاشىق بۇلبۇلدەك،
كۆيمەنكى پەن - بىلىم ئۈچۈن.

تىككىنىم ئۇ، ساڭا كۆزۈمنى،
ئەلگە مەندەك كۆيگىن دېگىنىم.
ياشى ھاياتى ئېقىپ سۇ كەبى،
پۈتمىسۇن دەپ غېمىڭ يېگىنىم.

مېنى سۆيسەڭ، مەندىن بۇرۇنراق،
خەلقىمنى چىن سۆيگىن دېگىنىم.
ئەنە شۇچاغ ۋىسال گۈلىنى
كۆكرىكىڭدە كۆرگىن، دېگىنىم.

شۇچاغ مەنمۇ ساڭا قول بېرىپ،
يۈرىكىمدىن سېنى سۆيەرمەن.

مۇشكۇل ـ جاپا ھەم ھالاۋەتتە،
سىنىڭ بىلەن بىرگە بولارمەن.

1981 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## شۈندىن بېرى

يەكشەنبىدە ساياھەت قىلىپ،
بارغىنىمدا بوستان يېزىغا.
گۈلىمكىن دەپ تىڭىرقاپ قالدىم،
كۆزۈم چۈشتى دىخان قىزىغا.

چېكىلىرى كۆيۈپتۇ ئۇنىڭ
ئومىلىقتا، تومۇز ئاپتاپتا.
لېكىن كۆيدۈم ئۇنىڭدىن ئۆتە،
قىز ئوتىدا مانا شۇ تاپتا.

غەيرەت قىلىپ يېنىغا باردىم،
مۇشۇ ھەقتە سۆز قىلىپ باقاي دەپ.
شۇ ئاق كۆڭۈل دىخان قىزىنىڭ،
يۈرىكىگە ئوتلار ياقاي، دەپ.

ئېيتقىنىمدا سۆيگەندىن بىر سۆز،
«تۇرالامسىز ۋەدىدە؟» دېدى.
«ھەئە» دېدىم، ئايدەك جامالى،
كۆز ئالدىمدا نۇردەك چاقنىدى.

شۇندىن بېرى ئىككى ئۇتتىمەن،
بېرى داغدار بولۇشتۇر ئىشتا.
ئېچىلدۇرۇپ پولاتتىن چىچەك،
گۈل ئۈستۈرۈش زىمىستان قىشتا.

يەنە بېرى نەمۇنىچى بوپ،
يۈرەك سۆيگەن يارىمنى سۆيمەك.
ئالتۇن تەردىن جەننەت ياراتقان
ئىشچان بىلەن مەڭگۈ بىر ئۆتمەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن كېچەيۇ - كۈندۈز،
شۇ يولدا ھۇل تىزىۋاتىمەن،
ئاققىنىدا پىشانەمدىن تەر
يارسۆيگەندەك سىزىۋاتىمەن.

1982 - يىل مارت، ئۈرۈمچى.

## ۋەتەن دىگەندە

ھەر ئادەمدە ئۆزگىچە خىسلەت،
چۈنكى ئۆزگە ھەركىمدە يۈرەك.
ھەر يۈرەكتە بولار ئۆزگىچە
غايە، ئىستەك، ئارزۇ ۋە تىلەك.

شۇ يۈرەكلەر كۆكرەككە ئۇرۇپ،
سوقۇپ تۇرار توختىماس پەقەت.

تېپىشلىرى بولار خىلمۇ - خىل،
ھەم ئوخشىماس ئۇندا مۇھەببەت.

لېكىن ۋەتەن دېيىلسە، مىليون
يۈرەك بىر خىل رىتىمغا چۈشەر.
شۇ يۈرەكلەر بىرلەشكىنىدە،
زېمىن تەۋرەپ، تاغلارمۇ كۆچەر.

بىرگە سوقار قويچى ۋە دېخان،
ئىشچى بىلەن ئالىم يۈرىكى.
شۇنداق قۇدرەت قىلۇركى پەيدا،
چىن ئۇيۇشقان ئەلنىڭ بىرلىكى.

شۇڭا مېنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىم
لاۋۇلدايدۇ ۋەتەن دېگەندە.
رازىمەنكىم ۋەتىنىم ئۈچۈن
قۇربان بولسام ئاداققى جەڭدە.

1982 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## ئۇچراشقاندا

ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى بوپ
ئالغىنىمدا سەھنىدىن ئورۇن.
يۈرەك كۈلدى بىرسىنى كۆرۈپ،
تونۇش ئىدۇق بۇندىن كۆپ بۇرۇن.

سەبىلىكىنىڭ كىرسىز - بىغۇبار
چاغلىرىدا دېيىشىپ ئاداشى.
ئۇينىشا تىتۇق كۆندىلا بىرگە،
بولۇپ سىرداشى، بولۇپ تەقدىرداشى.

گايى كۆندە كېپىنەك قوغلاپ
ئۇينىشا تىتۇق گۈللەر ئارىلاپ.
ئات - كالا دەپ ئۆزلىرىنىڭزچە،
سۆرىشەتتۇق مۈشۈكنى باغلاپ.

بەزى كۆنلەر پاختا پوكزەكتە،
ئۇرۇپ قويۇپ قېچىپ ئوينا يتتۇق.
مىنىشىپ بىردىن چىۋىقنى،
ئېتىمىز دەپ چېپىپ ئوينا يتتۇق.

بۇ ئىككى شوخ ئوغۇل - قىزچا قنىڭ
يۈرىكى پاك، كىرى يوق ئىدى.
كۆن ۋە ئايلار بىرگە ئۆتكەچكە
ئېيتىشىمىغان سىرى يوق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۆتتى قانچە يىل،
بىزگە مەكتەپ ئاچتى كەڭ قۇچاق.
بوپىمىزمۇ دوستى، زورايدى،
دىلغا پەندىن ياقتۇق نۇر - چىراق.

ئۆچۈم بولدۇق، قانات چىقاردۇق
چىقارغاندەك قاناتنى باچكا.
قول قىسىشتۇق ئاخىرقى قېتىم،
كەتتۇق خوش دەپ بىز ئىككى ياققا.

دەسلەۋىدە تۇردى ئالمىشىپ،
ئۈزۈلمەستىن مەكتۇپ - سالام خەت.
كەلگۈسىدىن بولاتتى پاراڭ،
ھەۋەسلەردىن ئېچىلمايتتى گەپ.

يىللار كېتىپ - يىللار مۇ كېلىپ،
يىللار سەپكە قاتارلاشقاندا.
خەت ئازايدى، ئۈزۈلدى ئاخىر،
زىممىدە يۈك ئېغىرلاشقاندا.

خىزمەت دېدۇق، ئائىلە دېدۇق،
ياشاپ ئۆتتۇق ئۆزگىچە كويدا...
مانا بۈگۈن ئالدىمدا شۇ قىز،
بولغاندۇ ئۇ قانداقچە ئويدا؟

كىچىكلىكتە بولۇشۇپ ئاداش،
كېيىنچىرەك بولدۇق ساۋاقداش.
ئەمدى ئاداش دېگىلى بولماس،
بىر سەپتىمىز سەپداش - سەپەرداش.

ئاگرانوم بوپ يېزىدا شۇ قىز
قانچە سايغا ھايات بېرىپتۇ،
ھالال تېرى بىلەن سۇغىرىپ
چۆل - دەشتلەرگە گۈللەر تېرىپتۇ.

باغۋەنى بوپ سانسىز كۆچەتنىڭ،
غۇنچىلارنى ئېچىلدۇرۇپتۇ.
سۆيۈندۈرۈپ ئەلنىڭ كۆڭلىنى
خۇش پۇراقلار چېچىلدۇرۇپتۇ.

باغۋەن بولدۇم مەنمۇ مەكتەپتە،
شوخ بالىلار - غۇنچە - چېچەككە.
تەييارلىدىم قانچىلاپ ئەۋلات،
ھۇل تىزىشقا ھۆر كېلىچەككە.

سۈندۈم شۈندىن بۇيان تالايلاپ،
مېۋىلەرنى ھەر ساھە تامان.
ئۆستۈرەرمەن يەنە تۈمەنمىڭ،
غۇنچىلارنى بولساملا ئامان...

كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى بىردىن،
دىللار چۆمدى باھار پەيزىگە.
مۇنداق دېيتتى كۆزلەر ئاشۇ دەم
ئىككى تەننى سېلىنىپ لەرزىگە:

«ما نا بۇگۈن زەربىدار بولۇپ،
سەھنىلەردىن ئالدۇق بىز ئورۇن.
يەنىمۇ زور تۆھپە قوشايلى
ئەلگە يۈرەك توختاشتىن بۇرۇن...»

1981 - يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى.

## ئانىغا

ۋۇجۇدۇم مىڭلاپ كۆز بولۇپ ئانىغا —
باقىدۇ غۇنچىلار كۈنگە باقاندەك.
باقىدۇ بۇلبۇللار كۆكلەم - باھاردا
قىزىرىپ ئېچىلغان گۈلگە باقاندەك.

مۇبادا مىلىڭ يۈرەك بولسا مېنىڭدە،
كۆيەتتى ھەممىسى ئانا دەپ شۇنچە.
گەر سەنەم بولسىمۇ، ئىشقىدا ئۆتمىگ،
شۇل غېرىپ كۆيمەستى تەلمۈرۈپ مۇنچە.

..........................................

ۋەتىنىم ئانامدۇر يۈرىكىم سۆيگەن،
مەن شۇڭا ئانىغا پەرۋانەدەك كۆيگەن.
بىر قېتىم يانسام گەر مۇشۇ يولۇمدىن،
ھاياتىم بەرباتتۇر، ئۆلگىنىم - ئۆلگەن.

## مەن — جەڭچىمەن

مەن جەڭچىمەن، ھەر جايدا ھەر چاغ،
قورالىنى تۇتقان قولىغا.
چىن دىلىمدىن ئاتىغان جاننى
ئۇلۇغ ئانا — ۋەتەن يولىغا.

جەڭچىمەنكىم قەلبىمىم بىلەن
ۋەتەن ئۈچۈن گۈللەر تۈزىمەن.
غەزىۋىمدىن ئانا ۋەتەنىنىڭ
دۈشمىنىگە ئوقلار ئۈزىمەن.

جەڭچى بولۇپ ئەۋلاتلىرىمغا
ئۆگىتىمەن .ۋەتەن سۆيۈشنى.
ئۆگىتىمەن ئەلنىڭ دۈشمىنى —
خائىنلارنىڭ كۆزىن ئويۇشنى.

ۋەتەن دىسەم، ۋەتەن يولىدا
ھارمايدىغان پولات دۈلدۈلمەن.
ئەل بەختىدىن نەزمىلەر توقۇپ
سايرايدىغان ئوماق بۇلبۇلمەن.

جەڭچى بولۇپ ئانام ئالدىدا
ھاياتىمچە قەسەم ئىچكەنمەن.
ھايات بولسام مۇشۇ دۇنيادا
ئەقىدەمدىن زادى كەچمەيمەن.

چۈشۈمدىمۇ كۆرىمەن ھەر چاغ
ئۇلۇغ ئانا ۋەتەن غېمىنى.
شۇنىڭ ئۈچۈن جەڭچى بولغانمەن
تېڭىپ دىلغا ئەلنىڭ مېھرىنى.

## سۆيىمەن

قايسى يۈرەك سۆيمەسكىن تاغەي،
جانانىنى — سۆيگەن يارىنى.
قايسى يۈرەك ئېيتماي قالاركى
ئارمىنىمنى دىلدا بارىنى.

مەن سۆيىمەن ۋەتەننى شۇنداق
ئەڭ ئاخىرقى تەپەس قالغىچە.
تومۇردا قان توختاپ، باغرىغا
ئانا تۇپراق مېنى ئالغىچە.

ئۆزەم كىچىك، بىراق ۋەتەنگە
مۇھەببىتىم ئالەمچە مېنىڭ.
قاشتېشىدەك پاك ۋە جۇلالىق
مۇھەببىتىم ئادەمچە مېنىڭ.

## تاڭدىن

ھەر بىر تاڭدا يۈرەك - قەلبىمگە
يېڭى ئىلھام، قۇۋۋەت تولىدۇ.

ئىقبال ئىشقى چىللاپ باغرىغا
كېلىنچەكتەك نازلىق كۈلىدۇ.

ئاشۇ تاغدا كەڭرى جاھانغا
ئالتۇن قۇياش نۇرىنى چاچار
ئىنسانلارغا بېغىشلار ھايات
ۋە ئۇمىتنىڭ ئىشىگىن ئاچار.

ئاشۇ تاغدا ئۈنچىلەر چېچىپ
ئېرىقتا سۇ كۆۋەجەپ ئاقار.
ۋىسالىغا يەتكەن ئاشىقتەك
مايسىلارغا باغرىنى ياقار.

ئاشۇ تاغدا كۆكلەردە بۈركۈت
پەرۋاز قىلار، قاناتىن قاقار.
قوزغۇنلارنى سۈرۈپ باغلاردىن
غەپلەتلەرنىڭ بۆشۈگىن چاقار...

تاڭ ئوغلىمەن، سۆيىمەن تاڭنى،
ئۇنى سۆيۈپ قانمايدۇ دىلىم.
تاڭ شەنىگە ئوقۇپ مەدھىيە
بۇلبۇل كەبى سايرايدۇ تىلىم.

## ئانا باغرى

قايسى ياقتىن تۇرۇپ قارىماي
ئانام باغرى باغدەك كۆرۈنەر.
ئوغلى بولغاچ ئاشۇ ئانىنىڭ
پەخىرلىنىمەن، كۆڭلۈم سۆيۈنەر.

ئانام ماڭا يۈرەك، تومۇردا
شۇڭا قېنىم جۇشقۇن ئاقىدۇ.
مەن كۆيگەچكە ئانامغا شۇنداق،
ئانام سۆيۈپ كۆكرەك ياقىدۇ.

تەپەككۇرۇم قىلىدۇ پەرۋاز
ھەر سۆيگۈدىن چىقىرىپ قانات.
ئانام ئۈچۈن جەڭدە كۆز يۇمسام،
دەيمەن: ئۆزەم ئەبەدى ھايات.

## كېپىنەك ۋە مەن

گۈلزار ئارا رەڭدار كېپىنەك
قانات كېرىپ ھەريان ئۇچىدۇ.
شۇ ئۇچۇشتا قانچە - قانچىلاپ
گۈلنى سۆيۈپ ھامان ئۇچىدۇ.

شۇ رەۋىشتە سەيلە قىلار ئۇ،
نە سەيلىدۇر، ئۆزى بىلار قارار.

شۇ بىۋاپا كېپىنەك سۆيگەن
تۇمەن گۈللەر بولۇشتى خار-زار.

كېپىنەككە قىلدىم مەن خىتاپ:
ئۆلگە ئالغىن سەيلە يولۇمدىن.
سۆيگىن پەقەت، پەقەت بىر گۈلنى
شۇ گۈل ئۈچۈن قورقما ئۆلۈمدىن.

مەن سىنىگدەك گۈللەر ئارىلاپ،
گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ يۈرمەيمەن.
«گۈل» دىسىلا ئۆزەمنى ئېتىپ،
شۇمبۇيىنى پۇراپ يۈرمەيمەن.

بىر گۈلنىلا سۆيىمەن، شۇ گۈل
شۇنچە گۈزەل، شۇنچە خۇش پۇراق.
سۇلماس گۈلدۇر ئۇلۇغ ۋەتىنىم،
كۆزۈمگە نۇر، دىلىمغا چىراق.

1981 - يىل، سېنتەبىر.

## ماڭا شۇ ئەلا

ۋەتىنىم سۆيۈملۈك ئانامسەن،
تۇغۇلدۇم، يېتىلدىم قوينۇڭدا.

شۇڭلاشقا ئۆمرۈممۇ ساڭا خاس،
پەرىزىم بىجاسى بوينۇمدا.

ئىخ! ۋەتەن جەننەتنىڭ بىغىسەن،
غەزىنە ھەرگىيا، تۇپرىغىڭ.
مىڭ باغدىن ئەلادۇر ماڭا شۇ
بىغىڭدا بولغىنىم ياپرىغىڭ.

1981 - يىل، سېنتەبىر.

## ھەقىقەت

ھەقىقەت قەلبى پاك بىر گۈزەل جانان،
جانانغا جاپاسىز يەتكىلى بولماس.
جاندىن ھەم كېچىشكە مۇمكىنكى تامام،
ھىچ ۋاقىت جانادىن كەچكىلى بولماس.

ئەجداتلار شۇ گۈزەل جانان يولىدا
قاپ - قارا تۈنلەردە تاڭلارغا باققان.
ۋىسالىنىڭ ئىشقىدا گۈلخاندەك يېنىپ،
ئىبلىسلار تەختىگە ئوتلارنى ياققان.

ئاسمانغا تاقاشقان بۈيۈك تاغلاردىن،
ئالتۇننىڭ كانىنى تاپماق بەك قىيىن.
تاپىمۇ دەيلىكى ئۇنى قازاغا
باتۇر ئەر بولمىسا ھەممە بىر تىيىن.

ھەقىقەت ئالتۇنكى، ئالتۇن چىرىماس،
مىلق يىللاپ ئاستىدا قالسىمۇ يەرنىڭ.
ھەقىقەت يولىدا كەتسىمۇ بېشى
روھى نۇر چاچقۇسى ئەزىمەت ئەرنىڭ.

1981 - يىل، ئۆكتەبىر.

## ھايات دىمەكلىك...

ھايات دىمەكلىك — سەھنە دىمەكلىك،
ئۇندا ئوينالماس قانداقچە ئويۇن.
بەزىدە كۈلسە ئۇندا چېچەكلەر،
ۋە بەزى سوقار چېچەكنى قويۇن.

ھايات دىمەكلىك — سەھنە دىمەكلىك،
ئۇندا ئوقۇلار ھايات داخشىسى.
ئەل ئۈچۈن ياشاپ ئۆتكەن ھاياتلا،
ھايات ئىچىدە بولۇر ياخشىسى.

ھايات دىمەكلىك — گويا كى ئوكيان،
ئۇندىن كۆپ كىشىن ئوزۇپ چىقىدۇ.
بەزىلەر ئۆتسە ئېقىمنى بويلاپ،
بەزىلەر دۇرلەر سۈزۈپ چىقىدۇ.

ھايات دىمەكلىك — داۋان دىمەكلىك.
ئىرادىلىكلەر ئېشىپ كېلىدۇ.

زامان ـ زاماندىن ھېچ يېشىلمىگەن
سىرلارنى تامام يېشىپ كېلىدۇ.

ھايات دېمەكلىك ــ كۈرەش سەھنىسى
ئۇندا كۈرەشنىڭ مارشى ئوقۇلار.
كۈرەش ھاياتقا بەرمىسە مەزمۇن،
تارىختىن ھايات ئىزسىز يوقۇلار.

1981 ـ يىل، دېكابىر.

## كېلەرمەن

ئانا ۋەتەن كۆكىدە بۈركۈت ــ
بولۇپ قانات قېقىپ كېلەرمەن.
ئانا ۋەتەن مەن ئۈچۈن قۇياش،
ئاڭا مەڭگۈ بېقىپ كېلەرمەن.

قۇياشتىن نۇر ئېلىپ نۇرلىنىپ،
قۇياشتەك نۇر چېچىپ كېلەرمەن.
ئىزىن بېسىپ ئەجدادلىرىمنىڭ،
ھۆرلۈك يولىن ئېچىپ كېلەرمەن.

دۈشمىنىمگە ــ ياۋغا غەزەپتىن
يامغۇر كەبى يېغىپ كېلەرمەن.
ياۋنىڭ رەزىل سۈيىقەستىگە
ئاتەشتىن ئوت يېقىپ كېلەرمەن.

يېرىپ تۇننى تۇمانلار ئارا
چاقماق بولۇپ چېقىپ كېلەرمەن.
بارچە تۇسقۇن بىتچىت يولۇمدا،
قىيان بولۇپ ئېقىپ كېلەرمەن.

ئانا ۋەتەن بوستانلىرىغا
تولۇن ئايدەك بېقىپ كېلەرمەن.
گويا ئالتۇن ۋادىلىرىغا
كۆكرىكىمنى يېقىپ كېلەرمەن.

ۋەتەننى دەپ سوقان يۈرەكتىن
ئالقىش رەھمەت ئوقۇپ كېلەرمەن.
ئۇلۇغ نامى — تەرىپلىرىگە
پۈتمەس داستان توقۇپ كېلەرمەن.

ھەر ئىزىمدىن شانۇ زەپەرنىڭ
مىۋىسىنى ئېلىپ كېلەرمەن.
خەلقىم بىلەن كۆتىرىپ جام تەڭ
غەلبە سازىن چېلىپ كېلەرمەن.

تامچە بولۇپ ...

گەر قوشۇلۇپ سانسىز تامچىلار
ئاقسا ئاخىر دەريا بولىدۇ.

دېڭىز ـ ئوكيان دەريا بوپ ئاققان
تامچىلاردىن سۇغا تولىدۇ.

ئاشۇ سۇلار — باھاسىز سۇلار
چۆل ـ دەشتلەرگە ھايات بېرىدۇ.
ئاققىنىدەك تومۇرلاردا قان
ھەتتا ئېقىپ دىلغا كىرىدۇ.

مەنمۇ دەيمەن شۇڭا تامچە بوپ،
ھايات بەرسەم چاڭقىغان چۆلگە.
يۈرىكىمدە قالمايتتى ئارمان
تامچىدەك نەپ بەرسەملا ئەلگە.

1979 ـ يىل.

## شۇندىلا

گۈل دىگەن چىرايلىق، خۇشپۇراق، بىراق
گۈل دىگەن تۇپراقتا تۇرار ئېچىلىپ.
ئالغاچقا تۇپراقتىن يەتكىچە قۇۋۋەت،
خۇش ھىدى ئەتراپقا تۇرار چېچىلىپ.

ۋەتىنىم باغرىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن،
غۇنچىمەن، يىلتىزىم خەلقتە مېنىڭ.
خۇش پۇراق گۈل ئىكەن دىسە گەر خەلقىم،
شۇندىلا گۈل ئاچار ئارمىنىم مېنىڭ.

1980 ـ يىل.

## ئۈمىت

ئۈمىت گويا جاھان ئەينىكى،
يىراقلارنى كۆرەلەيدىغان.
قەيدام باردۇر ئۈمىتتە گويا
تاغنى يۇدۇپ يۈرەلەيدىغان.

ئۈمىت بۈركۈت، قانىتى تالماس،
تاغنى ھالقىپ ئۆتەلەيدىغان.
شۇ ئۈمىتتىن بولار ھەركىشى
ئاقسىمۇ قان كۈلەلەيدىغان.

ئۈمىت دىمەك — باتۇر دىمەكتۇر،
چۆلدىمۇ باغ قۇرالايدىغان.
يىقىلسىمۇ ئاسمان ئۈستىگە،
يىقىلماي تىك تۇرالايدىغان.

ئۈمىت بىلەن ياشنايدۇ ھەر جان،
كىشى بولماس ئۈمىتسىز پەقەت.
ئۆلمىسىلا ھەر كىمدە ئۈمىت،
ھەر ئىزدا شان قۇچقۇسى ئەبەت.

## ناخشا تېكىستلىرى

### غۇنچەمەن

باغۇەن ئەجرىدىن ياشناپ،
بولدى باغلار گۈل چىمەن.

گۈل چىمەننىڭ ئىچىدە
شوخ ئېچىلغان غۇنچىمەن.
گۈل چىمەندە غۇنچىمەن،
يەنگە تەشنا شۇنچىمەن.

باغۋەنىمىز مۇئەللىم،
گۈزەل مەكتەپ باغلارنىڭ.
شۇ باغلارنىڭ بۇلبۇلى —
كۈيچىسىمەن تاڭلارنىڭ.
بۇلبۇلى مەن باغلارنىڭ،
كۈيچىسىمەن تاڭلارنىڭ.

قانات ياساپ بىلىمدىن،
دائىم ئالغا ئۇچىمەن.
ئۇلۇغ ئانا ۋەتەنگە
شان - شەرەپلەر قۇچىمەن.
دائىم ئالغا ئۇچىمەن
شان - شەرەپلەر قۇچىمەن.

1983 - يىل ماي، غۇلجا.

## ناخشىچىغا

غۇنچىدەك كۈلۈپ تۇرساڭ،
سەھنىنىڭ گۈلى دەيمۇ.
ھارمايسەن ئوقۇپ ناخشا،
باغنىڭ بۇلبۇلى دەيمۇ.

باغلارنىڭ گۈلى دەيمۇ،
گۈلنىڭ بۇلبۇلى دەيمۇ.

ھارمىغىن تا ئەبەتكە،
ئەل ئۈچۈن بولۇپ بۇلبۇل.
ئىگىز تاغ - داۋانلاردىن،
ئاشقىنسەن بولۇپ دۇلدۇل.
ئەل ئۈچۈن بولۇپ بىر گۈل،
سايرىغىن بولۇپ بۇلبۇل.

1983 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

## باغۋەن قىز

ئاق ئالما - قىزىل ئالما،
بىرسى - بىرسىدىن رەڭدار.
ئالمىزار ئارا ئىشتا،
باغۋەن قىز ئەجەپ داڭدار.

ئىشلەيدۇ كېچە - كۈندۈز،
تالمايدۇ بىلەكلىرى.
ئىشقىدا ھامان ئەلنىڭ،
كۆيىدۇ يۈرەكلىرى.
باغۋەن قىز ئەجەپ داڭدار،
ھۆسنى ئالمىدىن رەڭدار.

1983 - يىل ماي، غۇلجا.

## كاككۇكۇم

باغ ئارا گۈل شاخىدا،
تىنمايسەن سايراپ كاككۇكۇم.
سەن بىلەن بەس ـ بەستە خەلقىم
ئىشلەيدۇ قايناپ، كاككۇكۇم.

بەسلىشەيلى كەل قېنى،
ياڭراق غەزەلدە، كاككۇكۇم.
قولى گۈل خەلقىم ئەزەلدىن،
ئامراق غەزەلگە، كاككۇكۇم.

ھەر پەسىل كەتمەس باھار،
ئازات ئېلىمدىن، كاككۇكۇم.
شۇ ئېلىمگە يارىمەن
مەڭگۈ دىلىمدىن كاككۇكۇم.

## ۋاپادار دوستلار

كەپتەر بىلەن چۈمۈلە
ئامراق ئىكەن ـ دوست ئىكەن.
شۇڭلاشقىمۇ ياتلارنىڭ
تەلەك كېلىشى تەس ئىكەن.

ياشايدىكەن ئەزەلدىن
يۆلەك بولۇپ ئۆز ئارا.

كەپتەر ئىكەن بەكمۇ ئاق،
چۈمۈلىچان قاپ-قارا.

ئاق كەپتەرنىڭ ئۇۋىسى
ئىگەن دەرەخ ئۈستىدە.
ياشار ئىكەن چۈمۈلە،
قاتتىق يەرنىڭ تېگىدە.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە،
تەشنا بوپتۇ چۈمۈلە.
ئويان-بۇيان سۇ ئىزلەپ
كەپتۇ دەريا لېۋىگە.

شاۋقۇنلىغان بەكۋاشى سۇ،
قاشى تەرەپكە ئۇرۇپتۇ.
چۈمۈلىنى مەيلىچە
ئېقىتىپلا مېڭىپتۇ.

نىمە قىلىسۇن چۈمۈلە
گاھ چۆكۈپتۇ، لەيلەپتۇ.
ئۇچۇپ يۈرگەن ئاق كەپتەر
بۇنى كۆرۈپ پەسلەپتۇ.

تاشلاپ بىر تال چىۋىقنى
«چىقىۋالغىن تېز» دەپتۇ.

كۆچكە تولۇپ چۈمۈلە،
ئېسلىپتۇ - چىشلەپتۇ.

ئەگىپ يۈرگەن ئاق كەپتەر
سۇزۇۋاپتۇ چىۋىقىنى.
چۈمۈلىنى قۇتقۇزۇپ
ئاقلاپتۇ چىن دوستلۇقنى.

ئوۋچىنىڭكى كۆزلىرى
كەپتەرگىمۇ چۈشۈپتۇ.
دانلايدىغان يەرلەرگە
قىلتاقلارنى قۇرۇپتۇ.

قىلتاقلارنى چۆرىدەپ
دانلارنىمۇ چېچىپتۇ.
قوسىغى ئاچ ئاق كەپتەر
داننى كۆرۈپ چۈشۈپتۇ.

يەمەي تۇرۇپ بىر داننى،
چۈشۈپ قاپتۇ قىلتاققا.
ئوۋچى ئېلىپ قولىغا،
تولۇپتۇ زەپ شاتلىققا.

چۈمۈلىجان يىراقتىن،
كۆرۈپتۇ بۇ خەتەرنى.

قوتقۇزما قچى بولۇپتۇ،
دەرھال بېرىپ كەپتەرنى.

يېتىپ كېلىپ ئالدىراشى
يامىشىپتۇ ئوۋچىغا.
كۆچنى يىغىپ چىشىغا،
پاتۇرۇپتۇ قولتۇققا.

«ۋاي!» دەپ ئوۋچى قولىنى
ئېپ بېرىپتۇ قولتۇققا.
شۇچاغ كەپتەر قۇتۇلۇپ،
ئۆرلەپتۇ تېز بوشلۇققا.

ئەنە شۇنداق قۇتۇلدى
كەپتەر ئاشۇ ئوۋچىدىن.
سىز بىلەمسىز كىچىك دوست،
بۇنىمىنىڭ كۈچىدىن؟

قورقىدۇ دەپ ئويلىماڭ،
ئاجىزلىرى كۈچلۈكتىن.
غەلبە ھامان يار بولار،
ئىتتىپاقلىق ـ ئۆملۈكتىن.

## بۆلۈنگەننى بۆرە يەر

بۇرۇنلاردىن بۇرۇندا،
بىر ئېگىز تاغ بار ئىكەن.

باغرى ئۇنىڭ بېپايان
يايلاق ئىكەن، باغ ئىكەن.

ئۇنچە چېچەك زۇمرەت سۇ
يايلاق بويلاپ ئاقاركەن.
ئالتۇن قۇياشى قىشمۇ - ياز
يايلاققا نۇر چاچاركەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن تۆت پەسىل
بۇندا ئىسسىل باھاركەن.
ئاشۇ گۈزەل يايلاقتا
بىر توپ كالا ياشاركەن.

كالىلارنىڭ ياتلارغا
مۈڭگۈزلىرى نەيزىكەن.
ئىناق بولۇپ ياشىغاچ
تۇرمۇشىمۇ پەيزىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۆرىلەر
چېقىلمىشتىن قورقاركەن.
لېكىن ئولجا ئېلىشنىڭ
چارىسىنى ئويلاركەن.

× ×

كالا توپى ئىچىدە
بىر موزايچاق بار ئىكەن.

بۇ مۇزايغا ئانىسى
ئىچ ـ ئىچىدىن ئامراقكەن.

چۆپنىڭ تاللاپ ئۇچىنى
مۇزىيىغا بېرەركەن.
سۈنىڭ بولسا سۈزۈكى
مۇزاي قېنىپ ئىچەركەن.

ئويلايدىكەن مۇزايچاق
يالغۇز ياشاپ بېقىشنى.
ئۆز تويىدىن ئايرىلىپ،
تاغدىن ھالقىپ ئېشىشنى.

بالا دېگەن بالىدە،
پاراسەتنىڭ يوقىدىن.
راست دېگەندەك بىركۈنى
ئايرىلىپتۇ تويىدىن.

بالىسىدىن ئەنسىرەپ
ئانا ھەر يان چېپىپتۇ.
بۇ خەۋەرنى شۇ ھامان —
كالىلارمۇ بىلىپتۇ.

ئانا — ئىنەك ئويلاركەن
كۆز قارچۇغى بالىنى.

لېكىن موزاي ئويناركەن
ئويلىماستىن ئانىنى.

ئىزلەپ ئۇنى ئانىسى
بىر چىراغا يەتكەندە.
كۆرۈنۈپتۇ بىر قارا
ھالىدىنمۇ كەتكەندە.

ئانا — ئىنەك شاتلىنىپ
شۇ تەرەپكە يۈرۈپتۇ.
بۆرىلەر بار ماكاندا
موزىيىنى كۆرۈپتۇ.

لېكىن موزاي خىرامان
ئۇندا ئوتلاپ يۈرگىدەك.
ئانىسىغا پەرۋاسىز
قاراپ قويۇپ تۇرغىدەك

شۇنداقتىمۇ ئانىسى
ئۇنى يالاپ سۆيۈپتۇ.
قىلمىغىن دەپ بەڭۋاشلىق،
نەسىھەتلەر قىلىپتۇ.

— بالام بۇ جاي ئەزەلدىن،
بۆرىلەرنىڭ ماكانى.

بۆرە دىگەن بۆرىدۇر،
قەست قىلىدۇ ھامانى.

موزاي دەپتۇ باشى چايقاپ:
— بۆرە كەلسە قاچىمادىم.
ئۆزەم چاققان، باتۇرمەن،
سەكرەپ تاغدىن ئاشىمادىم.

ئانا دەپتۇ: — جان بالام،
دەرھال بۇندىن كېتەيلى.
خوشال - خورام ياشىغان،
توپىمىزغا يېتەيلى.

نەق شۇچاغدا بىر بۆرە
ئوزۇق ئىزلەپ كېلىپتۇ.
ئانا بىلەن بالىنىڭ
تۇۋشىنى سېزىپتۇ.

لېكىن بۆرە پىلەركەن
كالىلارنىڭ پەمىنى.
تېتىغانكەن نەچچە رەت
مۆڭگۈزلەرنىڭ تەمىنى.

شۇنىڭ ئۈچۈن لاغىلداپ
جان چىققۇدەك قورقۇپتۇ.

قېچىشقىنمۇ ئۇلگۈرمەي
چاتقاللىققا مۆكۈپتۇ.

موزاي دەپتۇ: — ئانىجان،
ئەنسىرىمە مېنىڭدىن.
چوڭ بولدۇمغۇ سەنچىلىك،
كىچىك ئەمەس سېنىڭدىن.

ئانا دەپتۇ: — تانامسەن؟
سەندىن شۇنى كۈتكەنمۇ.
سەن مېنىڭسىز دۇنياغا
تۆرەلگەنمۇ — پۈتكەنمۇ؟

دەپتۇ يەنە دۆت موزاي:
— ئەنسىرىمىگىن مېنىڭدىن.
خەۋپ يەتسە ھاياتقا
ئەلا جېنىم سېنىڭدىن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان
بۆرە سەكرەپ تۇرۇپتۇ.
ۋۇجۇدىغا غايىۋى
كۈچ تولغاندەك بولۇپتۇ.

چۈنكى بۆرە بۇلارنىڭ
تالىشىشنى بىلىپتۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىغا ،
ئېيتىلىپلا كېلىپتۇ.

قارىسىلدىتىپ چىشىنى
قانىنى ھەريان چېچىپتۇ.
راست دېگەندەك ئانىنى
موزاي تاشلاپ قېچىپتۇ.

لېكىن ئانا قورقماستىن
جەڭگە تەييار تۇرۇپتۇ.
مۈڭگۈز بىلەن بۆرىنىڭ
باش - كۆزىگە ئۇسۇپتۇ.

تەڭ كېلەلمەي ئاچ بۆرە
ئۆز ھالىدىن كېتىپتۇ،
ھۇۋلاپ، توۋلاپ ياردەم دەپ،
بۆرىلەرنى يىغىپتۇ.

ئېلىشىپتۇ شۇ ئىنەك،
تىكىپ بارلىق جېنىنى.
ئۇ يەيدىكەن يەنىلا
بالىسىنىڭ غېمىنى.

سانى كۆپكەن بۆرىنىڭ
تىركىشىپتۇ بولماپتۇ.

قېنى ئاخىر ئىنەكىنىڭ
دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ...

موزىيىمۇ سەل ئۆتۈپ
شۇ ئەھۋالغا قېلىپتۇ.
بۆلۈنۈش ھەم مەنمەنلىك
زىيىنىنى تېتىپتۇ.

ئۇ ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا
ئانىسىنى ئەسلەپتۇ.
پۇشايمانغا قاچا يوق،
بۆرە پارا قىپ يەپتۇ.

تاغ ئارىلاپ ئىزلەشكەن
كالىلارمۇ كېلىپتۇ.
چېچىلغان قان سۆڭەكتىن
بار ئەھۋالنى بىلىپتۇ.

يىغلاپ ھەممە ھۆكىرەپ،
غەزەپلىرى تېشىپتۇ.
بۇ غەزەپنىڭ ساداسى،
تاغمۇ ـ تاغدىن ئېشىپتۇ.

بۇ ساۋاقنى يەكۈنلەپ،
ھەممە پىكىر قىلىپتۇ.

ئاخىرىدا بىر ئورتاق
قارارغىمۇ كېلىپتۇ:

— ئىتتىپاق بوپ ھەممىمىز
يوقاتمىساق بۆرىنى،
ئىگەللەيدۇ ئاقىۋەت
بۇ ماكانىنىڭ قويىنىنى.

ئىتتىپاقلىق — قۇدرەتتۇر،
ئۇندا كۈچ زور بولىدۇ.
بۆلۈنگەنلەر بۆرىگە
يەم بولىدۇ — ئۆلىدۇ...

## چۆجە خوراز بىلەن ئاسلان

بىركۈنى ئاسلان
سەيلىدە يۈرۈپ:
چۆجە خورازنى
قاپتۇ ئۇ كۆرۈپ.

ئەسلى ئىككىسى
دىمەتلىك ئىكەن.
لېكىن خورازچاق
سۆلەتلىك ئىكەن.

ئويلاپتۇ ئاسلان
كۆڭلىدە شۇنى:
«ئانىسى قانداق
باققاندۇ بۇنى.

تەڭ ياشلىق تۇرۇپ
چوڭدۇر مېنىڭدىن.
تۇيدۇرماي ئۇقاي
سىرنى ئۇنىڭدىن.

يىگىنىم تەييار
ئۆيدە ئۇخلايمەن.
لېكىن قانداقچە
كىچىك بولايمەن.

ياكى خورازنىڭ
يېمى باشقىمۇ؟
ياكى مېنىڭدىن
ئۇنىڭ ياخشىمۇ؟»

ئۆزىگە ئۆزى
قىلىپتۇ سۆزنى.
ھەمدە خورازدىن
ئۈزمەپتۇ كۆزنى.

سۆھبەتتە خوراز
جاۋاپ بېرىپتۇ.
ئۆز ئەھۋالىدىن
بايان قىلىپتۇ:

— ئىنىم تاپىماستىن
يېمەك ئوۋلايمەن.
ھەر قاچان سىرتتا
سوغدا ئوخلايمەن.

ۋەزىپەم ئىككى،
بۇنى بىلىمەن.
شۇ يولنى بويلاپ
چوڭ بوپ كېلىمەن.

بىرى ئوزۇقلۇق
بولۇش ئىنسانغا.
سېمىز گۆش بېرىش
مېنى باققانغا.

بىتاقەت بولۇپ
تاڭنى كۈتىمەن.
ئىنسانغا تەبىئى
سائەت بولىمەن...

دەپ سۆزلەپ تۇرۇپ،
بوينىنى ئەككۈدەك.
ئەينەك پارچىسىنى
يەردىن تەرگۈدەك.

سۆزلىگىنىدەكمىش
ھاشارەت تۇتقاچ.
بەزى ئۇششاق تاشى
پارچىسىنى يۇتقاچ.

تاسلان بىلگەندەك
ئىشىنىڭ سىرىنى.
يۇقۇپتۇ دىلغا
شۇندىن بىرىنى.

كۆڭلىدە خوش بوپ
كۈلۈۋېتىپتۇ.
ھەمدە خوشلاشماي
تىكىۋېتىپتۇ.

دەپتۇ خورازنىڭ،
چوڭ بولۇشىدا.
سەۋدۇي تاشنى،
يەم قىلىشىدا.

ئويلاپتۇ شۇئان
بۇنىڭ چارىسىن.
يىمەكچى بوپتۇ
تاشنىڭ پارچىسىن.

بىر جايدا ئۇششاق
تاشنى كۆرۈپتۇ.
قانداق يۇتاي دەپ
خىيال سۈرۈپتۇ.

شۇنداقتىمۇ ئۇ
چىشىنى چىشلەپ،
يۇتۇۋاپتۇ ئۇ
بىر تاشنى دەسلەپ.

يۇتۇشى بىلەن تەڭ
يىقىلىپتۇ ئۇ.
ئەزرائىل بىلەن
ئېلىشىپتۇ ئۇ.

دومىلاپ يۈرۈپ
ھالدىن كېتىپتۇ.
تامىنىڭ تۈۋىگە
ئاران بېرىپتۇ.

يەنە نىمىلەر
بولدى بىلمەيمەن.
لېكىن دوستلارغا
شۇنى سۆزلەيمەن.

«ھالىڭغا قاراپ
ھال تارتىش كېرەك.
خالتىڭغا بېقىپ،
ئۇن تارتىش كېرەك.»

يامان ئىشنىمۇ
دوراپ يۈرمەيلى.
دوراپ ئاسلاندەك
ئىشنى كۆرمەيلى.

بىلمىگەن ئىشنى
سوراپ بىلەيلى.
لېكىن يالغاندىن
بىلدىم دېمەيلى.

قوساقنى كەڭ قىپ
ئالغا باسايلى.
ئاسلان ھالىدىن
ئىبرەت ئالايلى.

## ئانا يۇرت مۇھەببىتى

ئاپەتلىك يىللارنىڭ جۇدۇن كۈنلىرى،
شەۋىرغان ھۇشقىتىپ توپا توزىتار.
ماشىنا بېكىتى، بېكەت ئىچىدە
دۈكدەرەپ خېلى كۆپ كىشى ئولتۇرار.

كىم، كىمنىڭ ئىگىسى بولماس ئىلغا قىپ،
كىمگە كىم خەيرىخاھ؟ كىم كىمگە پانا؟
ئاچلىقتىن قاخشىسا قۇچاقتا بالا،
يېتىمشار داق يەردە يىغلىشىپ ئانا.

بەزىسى «دادا» دەر، بەزىسى «ئانا»،
يىغلىسا ئىگىسى پەپىلەيدىكەن.
ئولتۇرار بولۇڭدا مۇساپىر بالا
كۆرۈڭ ئۇ كىملەرگە ئەركىلەيدىكەن؟

كىمگىمۇ ئەركىلەر، كىمگىمۇ يىغلار،
تەلمۈرۈپ ھەممىگە قولىنى سوزار.
تىترەيدۇ سوغاقتىن، ئىڭرار ئاچلىقتىن،
كىم بولار خەيرىخاھ، كىممۇ قۇتقۇزار.

سەبى ھىچ ئۆيلىماس بۇندا باشقىنى،
سوزىدۇ قولىنى ھەريان نان تىلەپ.
ئاق نىيەت كىشىلەر بەرسە سەدىقە،
ھومىيار بەزىسى ئاغا چىش بىلەپ.

كىرىشتى بىكەتكە بىر نەچچە ئادەم
بېشىدا مىس قالپاق، قولىدا كالتەك.
بولاشتى، ئۇرۇشتى «ئىنقىلاپ» ئاتاپ،
زامانغا ئىگە بوپ يۈرۈشكەن سولتەك.

سۆرىدى قانچىنى «يول خېتىڭ يوق» دەپ،
بولىدى نەچچىنى «ئەتكەسچى سەن» دەپ.
(ئادەمسىز يەرلەردە مايمۇن قازىمىش،
چىقارمىش توشقاننى «پالۋانمەن» دەپ.)

قايسىسى نىمە دەر؟ كىمگە نىمە ھال؟
قايتىلاشى ھاجەتسىز ئۇنى بۇ يەردە.
خىيالىم ئىگەسىز سەبى بالىدا،
نىمە كۈن كۆرەركىن بۈگۈن شۇ يەردە.

رېتىمدە كېلىشتى سەبى ئالدىغا،
سورىدى خېتىنى ھەمدە ئېتىنى.
ئۆزگىسى يوق ئىدى جاندىن باشقىسى،
سورىدى نۆۋەتتە بالا يۇرتىنى.

قۇسرۇقىمىز سۆزلىدى بالا راستىنى،
ۋە «نان!» دەپ سوزدى قول ئۇلارغىمۇ ھەم.
بىر مىسال بار ئىكەن بۇرۇندىن قالغان،
«دۇنيانى سۇ باسسا غازغا نىمە غەم».

ئېرىگەن بولاتتى تاغ تاشلىرىمۇ
شۇ مەسۇم بالىنىڭ ئېيتقان سۆزىدىن.
ئەتراپتا ھەممىگە ياماشتى يىغا
ئاققاندا سىرغىپ ياش سەبى كۆزىدىن.

يۈرىكى ئېرىگەن بولسا ئېھتىمال
ئۇزاتتى ئۇلارمۇ يانچۇققا قولنى.
گويا ئىت ئالدىغا تاشلىغاندەك نان
سەبىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى پۇلنى.

پۇرلانغان، يىرتىلغان نەچچە موچەننى
سىقىمداپ تۇراتتى بالا قولىدا.
كۆڭلىدە ئۇلارغا ئوقۇيتتى رەھمەت،
«قۇتقۇزدى، — دەيتتى ھەم، — خۇدا يولىدا.»

«سېخىلار» قولىدىن ئالغان پۇل بىلەن
بولاتتى بىر كۈنگە قۇتقۇزۇشقا جان.
ئويلىماس ھىچ ساراي ۋە ئالى تاماق،
بۇ مىنۇت كۈپايە بولسا بۇردا نان.

سەبىنىڭ خىيالى ئاشپۇزۇللاردا،
ئاش ئالسا پۇلىغا، ئالدىغا قويسا.
قوسىغى تويغاندا كىكىرىپ قويۇپ
«سېخىلار» نامىغا دۇئا ئوقۇسا...

تاماقنىڭ خىيالەن چاينا شلىرىنى
يەنە شۇ «سېخىلار» ئۆزلىرى بۇزدى.
ھاقارەت كەلتۈرۈپ سەبى زاتىغا
گويا كى سەبىنىڭ يۈرىگىن ئۈزدى.

بىرسى دەر: دىۋانە يۈرتىدىن ئىكەن،
بىرسى دەر: خەلقنىڭ كۆپى دىۋانە.
بىرسى دەر: مەينەت خەق، ئەقىلسىز،دۆت خەق،
بىرسى دەر: كۆن ئېتەر ئىتتەك ھامانە...

ئوت ئالدى سەبىنىڭ دەرتلىك يۈرىگى،
(يۈرەككە ھاقارەت نەشتىرى پاتتى.)
قولىدا سىقىمداپ تۇرغان پۇللارنى
غەزەپتە «سېخىلار» بېشىغا ئاتتى.

دىدى ئۇ مەردانە: — يۈرتۇم — ئانامدۇر،
ھەم مېنىڭ ئانامغا، موماغا ئانا.
ئەجدادىم ئۆتكەندۇر شۇ يۈرتتا مېنىڭ،
تىلىمەي ئىتلاردىن ئۆزگە پانا.

يۇرتۇمدىن يۇسۇپ ھەم مەھمۇتتەك دانا،
نوزۇكتەك، سادىردەك باتۇرلار چىققان.
شۇلارغا ۋارىس بوپ كەلگەن ئوغۇلمەن،
يۇرتۇمغا تەقدىمدۇر كىمزى كەلسە جان.

قەلەندەر ئەمەسمەن يۇرتۇم قوينىدا،
بۇ پەقەت پەلەكنىڭ ئويۇنى بىلسەڭ.
غەزنۇم گۇلخاندەك يانار ھەممىشە
ئەجدات ھەم يۇرتۇمنى سۇندۇرۇپ كۇلسەڭ.

سېنىڭدەك ئىتلارغا سوزغىچە قولنى
رازىمەن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشكە.
يۇرتۇمنىڭ نامىنى دىلىمدا ساقلاپ،
ئۆلسەممۇ دۇنيادىن كۇلۇپ كېتىشكە...

شۇ ھامان «سېخىلار» سىلىشىپ چۇقان
بالىنى ئورنىدىن يۇلۇپ ئېلىشتى.
ئوچۇق ئەت بالىنى تويغىچە مۇشتلاپ
كۇچ بىلەن بېشىچە يەرگە ئېتىشتى.

دىلىمدا يانارتتى ئانا يۇرت ئىشقى،
تەكرارلاپ ئېيتتى ئۇ ئانا سۆزىنى.
«سېخىلار» كېتىشتى قەيەرلەرگىدۇر،
«يۇرتۇم» دەپ بالىمۇ يۇمدى كۆزىنى.

1972 - يىل، ئاپرېل ئاقسۇ.

قۇربان مامۇت

# ئاق كېپە

# ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن

مۇھەببەت ـ ئېھتىرام بىرلە ئېلىپ قولغا دۇتارىمنى،
ئۇلۇغلايمەن قېتىپ كۈيگە ۋەتەن ئاتلىق نىگارىمنى.

سائادەتمەن بۈيۈك ئەلسەن كېلىچەك دىلبىرى كۈلگەن،
بېرىپ مەزمۇن ھاياتىمغا چېچەكلەتتىڭ باھارىمنى.

بەخت بەردىڭ، ئەقىل بەردىڭ، كۈلۈپ سۆيدۈڭ پېشانەمدىن،
قېنىپ سۆيدۈم قۇچاغىڭدا قۇياشلىق تاڭ ـ ناھارىمنى.

ۋەتەن دەپ ناخشىلار ئېيتسام تۈمەن بۇلبۇل ماڭا تەڭكەش،
ئۈنۈم ئالەمگە ياڭراتقاي غۇرۇرۇم ـ ئىپتىخارىمنى.

سۆيۈملۈكسەن، كۆيۈملۈكسەن ماڭا ئەي جانىجان جۇڭگو،
شۇڭا «بەختىم ـ ئانام دەيمەن» سېنىڭدەك غەمگۈزارىمنى.

ئۆتەرمەن بىر ئۆمۈر كۆيلەپ سېنى ئالەمچە ھۆرمەتتە،
قىلىپ ئىزھار ساداقەتلىك مۇقەددەس دىل قارارىمنى.

1965 ـ يىل ماي، كۇچار.

# ئىتتىپاقلىق ناخشىسى

ئانا ۋەتەن باغرىدا ئۆستۈق
بارچە مىللەت قېرىنداشى بولۇپ.
غايىمىز بىر، تەقدىرىمىز بىر،
مەڭگۈ ئىناق چىن يولداشى بولۇپ.

تالاي ئەسىر ئازاتلىق ئۈچۈن
جەڭ-چېلىشتا ئۆتتۇق بىز بىللە.
بىر مەقسەتتە بېرىپ قۇربانلار،
قىپ-قىزىل قان تۆكتۇق بىز بىللە.

چىڭىپ قانلىق كۈرەشتە دوستلۇق
چىڭ تۇتاشتى رىشتىمىز بىزنىڭ.
يۈرەكلەردە كەلدى يالقۇنلاپ
قىزىل تاڭغا ئىشقىمىز بىزنىڭ.

يەتتۇق ئاخىر كومپارتىيىنىڭ
يولى بىلەن ھۆر تاڭ ۋەسلىگە.
ھاياتىمىز يار بولدى بىزنىڭ
مەڭگۈ سولماس باھار پەسلىگە.

كەلمەكتىمىز داغدام يول بىلەن
بۈگۈن شانلىق سەپەرنى كۆزلەپ.

ئەڭ ئاداققى مەنزىل ئىشقىدا
يېڭى غەلبە — زەپەرنى كۆزلەپ.

جاراڭلىتىپ بارچە مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىق كۈيىنى ھامان.
ئويناغايمىز باي ۋە قۇدرەتلىك
ئۇلۇغ ۋەتەن تويىنى ھامان.

1966 - يىل يانۋار، كۇچار.

## سايرام بويىدا

بەجايىكى يېشىل ئاسماننىڭ
بىر پارچىسى يەرگە قونغاندەك.
قارىغايزارلىق تاغ ئارىسىغا
دولقۇنلىمىغان زۇمرەت تولغاندەك.

قىرغاق سۆيۈپ چايقىلار ھەيۋەت
بىپايان كەڭ سايرام ئالدىدا.
كۆلنى بويلاپ ئاچماقتا چىراي
قايناق ھايات، بايرام ئالدىدا

تاۋلىنىدۇ سۇنىڭ ئەكسىدە
تاڭ نۇرىغا چۆمگەن يايلاقلار

ئاق بۇلۇتتەك ئۈزىدۇ يامراپ
ئات، كالا، قوي، قوزا ـ تايلاقلار.

مىلىڭ، تۈمەن خىل گۈلگە پۈركىنىپ
ياتار تاغلار، چوققا ـ ئېدىرلار.
ئاق لەيلىدەك قونغان باغرىغا
بەختى كۈلگەن ئوتاۋ، چېدىرلار.

خۇددى سايرام سۈيىدەك سۈزۈك —
ھۆر تاغلارنى بېزەپ كۈي بىلەن.
ئۆتەر بۇندا بەختىيار ھايات
ھەركۈن بايرام، ھەركۈن توي بىلەن.

ھەر ئۆتكەندە ئاشنالىق بىلەن
بويلىرىڭغا بېقىپ ئۆتەرمەن.
تەردىپىڭگە كۈيچى تىلىمدىن
ئەتىرگۈللەر چېچىپ ئۆتەرمەن.

1974 ـ يىل ماي، غۇلجا.

## ئاق ئۆستەڭ

كەڭ ۋادىنى قاندۇرۇپ،
ئەلگە بەركەت ياغدۇرۇپ،
ئۆركەشلەپ قاشى سۇلىرى
ئاققان گۈزەل ئاق ئۆستەڭ.

گۈلگە چۆمۈپ بويلىرى،
ياڭراپ بەخت كۈيلىرى،
قۇياشلىق ھۆر زامانغا
باققان گۈزەل ئاق ئۆستەڭ.

ئىشچان مەرتلەر قولىدىن،
ئازات ئەمگەك يولىدىن،
ئېتىزلارغا يېشىل تون
ياپقان گۈزەل ئاق ئۆستەڭ.

كۆردۈم سېنى زوقلىنىپ،
ئاققىن مەڭگۈ شوقلىنىپ،
كۈيچى ئوغلۇڭ قەلبىگە
ياققان گۈزەل ئاق ئۆستەڭ.

1974 - يىل ئىيۇن، غۇلجا.

## چىگرا چەكچىسى

بۈركۈت ئوخشاش ئۆتكۈر كۆز بىلەن،
نەزەر تاشلاپ ئىگىز چوققىدا؛
تۇرار باتۇر چىگرا چەكچىسى
خۇددى «قەيسەر قارىغاي» تۇرقىدا.

ۋۇجۇدىغا جەملەنگەن مەرتلىك،
بوران - چاپقۇنغا سىر داشتۇر بەستى.

قار - مۇز كېچىپ جەڭگىۋار پوستا
ۋەتەن قوغداپ ئۆزار تۆت پەسلى.

باقار ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن،
ۋەتەنىنىڭ تاغ - دەريالىرىغا.
بۆك ئورمانلار، ئويغاق چىلغىلار
ئالتۇن تۇپراق، كېيالىرىغا ...

يۈرىكىدە ۋەتەنىنىڭ ئىشقى،
نەزىرىدە ئۇنىڭ كەڭ جاھان.
مىلتىغىغا لىق بېسىپ ئوقنى
جەڭگە تەييار تۇرار ئۇ ھامان.

دەيدۇ جەڭچى: «يىراق چېگرىدىن
قەلبىم رىشتى بېيجىڭغا تۇتاش.
ۋەتەن ئۈچۈن پۈتمەس جاسارەت
ۋۇجۇدۇمغا مەڭگۈلۈك يولداش.

مىلتىغىنى چىڭ تۇتۇپ قولدا
ۋەتەن قوغداش ئەھدىمدۇر مېنىڭ.
ئاشۇ يولدا چەكسەم مۇشەققەت
راھەت بىلمەك پەخرىمدۇر مېنىڭ.

قۇياشلىق ھۆر ئانا ۋەتەنگە
كۆكسۈم مېنىڭ پولات قالقاندۇر.

گەر ئېلىمگە ئاياق باسسا ياۋ
تەقدىرى شۇ: كۆكۈن ـ تالقاندۇر.»

1974 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

## نېفىتچىلارغا مەدھىيە

قىل قوبۇل باتۇر نېفىتچى بۇ ئاددى مەدھىيەمنى،
ساڭا خاس ئىشقىم پۈتۈلگەن يالقۇنلۇق ئەقىدەمنى.

× ×

سۆيۈملۈكسەن بىزگە شۇنچە نېفىتچى نامىڭ بىلەن،
قۇياشلىق غالىپ ۋەتەنگە كەلتۈرگەن شانىڭ بىلەن.
پەرۋاز ئەيلەپ شان ـ زەپەرلەر ئاسمىنىدا شۆھرىتىڭ،
قىلدى قايىل يەر ـ جاھاننى تەڭدىشى يوق قۇدرىتىڭ.
ئەجرىڭدە ئاقتى نېفىت زور ئەزىم دەريا بولۇپ،
تونۇلدۇق نېفىتتە مەشھۇر باي ـ بۈيۈك جۇڭخۇا بولۇپ.
زوقۇم بىلەن باقسام داچىڭ، داگاڭ... قارامايغا مەن،
نېفىت دېڭىزى مەۋج ئۇرغان شۇ قەھرىمان جايغا مەن.
ئىشقىڭ تولغان يۈرىكىمدىن ھۆرمىتىم ئاشتى ساڭا.
ئالەمشۇمۇل چىن مۇھەببەت جۇش ئۇرۇپ تاشتى ساڭا.
بىلدىم:
پايانسىز نېفىتلىك ئەسلى بىر چۆل يەر ئىكەن،
چۆلگە نېفىت شەھرى قۇرغان سەن تۆككەن قان ـ تەر ئىكەن،
گوبىتەندە قەھرىتان سوغ ھۇۋلىغان ئايازدىمۇ،

ياكى تاشلار چوغدەك يانغان ئاشۇ ئىسسىق يازدىمۇ،
ئېلىپ ۋەتەن ئۈمىدىنى نېفىت ئۈچۈن جەڭ قىلىپ،
جاسارەتتە ھەر جەڭگىۋار يىلنى كۈنگە تەڭ قىلىپ،
پۈكلەپ تاشلاپ كۈرەشى بىلەن مۇشەققەتنىڭ قەددىنى،
نېفىت ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئالدىڭ قولۇڭغا غەلىبىنى.
يەر قەرىدىن ئۇرغۇپ نېفىت دەريا بولۇپ ئاقتى بۈگۈن،
ئۇلۇغ ئېلىمىزنىڭ باغرىغا زەپەر گۈلى تاقتى بۈگۈن.
ئاشۇ نېفىت سانائەتنىڭ تومۇرىغا بەردى قان،
ئاشۇ نېفىت ۋەتەن ئۈچۈن ياراتتى زور شەرەپشان.
ئېيتتى رەھمەت شۇڭا دىلدىن جانىجان ۋەتەن ساڭا،
ئۆرلىگەن باتۇر نېفىتچى شان ـ شەرەپ قۇچقىن يانا.

1975 ـ يىل يانۋار، مايتاغ.

## تاغ يولىدا...

بورانلىق كېچە...
ئاچچىق شىۋىرغان
ئۇچۇرماقتا چوققىلاردىن قار.
كېلەر تاغنىڭ چىغىر يولىدا،
قار ـ مۇز كېچىپ دوختۇر گۈلباھار.

سانچىپ ئۆتەر يۈزىگە نەشتەر
ۋىژىلدىغان قەھرىتان سوغاق.
تال ـ تال كىرپىك، ماڭلاي چاچلىرى
تاققان ئاپپاق قىرودىن مونچاق.

ئەسلىتىدۇ تۇرقى شۇ تاپتا
گويا قاردىن پۈتكەن ئادەمنى.
ئۇ كەلمەكتە مۈشكۈلنى يېڭىپ،
قېلىن قاردىن يۆتكەپ قەدەمنى.

تونۇشى ئاڭا بۇندا ھەر چوققا،
تونۇشى ئاڭا جىرالار ـ سايلار.
تونۇشى ئاڭا تۇققانلىرىدەك
بالىلار ھەم بوۋاي ـ مومايلار.

دەھشەت سېلىپ ھۆكىرسۇن بوران،
ئۆتسۇن جاندىن سەنجۇسەندە سوغ.
ياكى تومۇز پەسلى تاغۇ ـ تاشى
يانسۇن گويا بولۇپ قىزىل چوغ.

ئۇ كېلىدۇ دائىم شۇ يولدا
قىزىل كىرىست ساندۇقنى ئېسىپ
بارار ئەڭ چەت ئۆيلەرگىچە ھەم
قانچە تاغ ۋە داۋاننى بېسىپ.

ئالتە يىلدىن بۇيان شۇ يولدا،
سانسىز ئاياق ئىزلىرى قالدى.
شىپا بېرىپ تالاي كىشىلەرگە،
قانچە ئەجەلنىڭ ئالدىنى ئالدى.

ئۇ تۇغدۇردى ئۆز قولى بىلەن،
ئانا بولۇپ ئۇنلىغان بوۋاق.
بۈگۈن ئاشۇ تاڭ غۇنچىلىرى
يېتىلمەكتە ساغلام ۋە ئوماق.

ئۇنىڭ كۆمۈشى يىڭنىسى بىلەن
پالەچلەرمۇ تۇردى ئاياققا.
تىلدا داستان بىزنىڭ گۈلباھار
مەلىمىزدە بارساڭ قاياققا.

يېرىم كېچە
قايتىپ مەجلىستىن،
تاغ يولىدا ئۇچراشقاندا بىز.
كۆز ئالدىمدا كۆرۈندى ماڭا
«ھايات بېتيون» بولۇپ باھارقىز.

دېدىم:
سەپەر قاياققا سىڭلىم،
قار ـ بورانلىق يېرىم كېچىدە؟
ـــ ماڭدىم دۈيجاڭ،
تۇغۇتتا ئايشەم،
قاپتۇ ئېغىر خەتەر ئىچىدە!

شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ گۈلباھار،
خۇشلاشقانچە تېز كېتىپ قالدى.

بۇ يالقۇنلۇق چوغدەك قەلبنى،
بورانلىق تۈن قوينىغا ئالدى ...

× ×

پۈتتۈرۈپ ئۇ ئالى مەكتەپنى،
تاغلىق كەنتتە كۆكلىگەن كۆچەت.
يىلتىز تارتىپ ھەر بىر قەلبتە
ئۇ زەپ مەغرۇر كۆتەرمەكتە قەد.

بۈركۈت بولۇپ قاقماقتا قانات
تىيانشاننىڭ ئېتەكلىرىدە.
قوزغىماقتا يۈكسەك ئىپتىخار
بۈگۈن ئەلنىڭ يۈرەكلىرىدە.

1975 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## سۆيۈملۈك كىشىلەر كەلدى

قار - مۇز كېچىپ، ئۇزۇن يول بېسىپ،
قانچە تاغ ۋە داۋاندىن ئېشىپ.
دالا مەشقى قىلىپ جەڭچىلەر
كەلدى بىزنىڭ مەلىگە يېتىپ.

ئاڭلاپ بارلىق دىخانلار كېلىپ،
ئىسسىق قايماق چايلارنى ئېلىپ،

قارشى ئالدۇق جەڭچىلەرنى بىز

ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر بىلىپ.

ھاردۇق سوراپ ئاتىلار خوشال،

چاي تۇتۇشتى ئانىلار خوشال.

جەڭچىلەرنى ماڭدى يېتىلەپ،

ئۆيلىرىگە بالىلار خوشال.

بۇ قىسىمنىڭ مەسئۇلى ئەھمەت،

قىسىم نامىدىن ئېيتىپ كۆپ رەھمەت،

ھاياجانلىق چاس بىلەن بىزگە

چىن قەلبىدىن بىلدۈردى ھۆرمەت.

قىلچە ئارام ئالماستىن تۇرۇپ،

ئۈستىدىكى يۈك - تاقنى قويۇپ،

قىزغىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى،

غەيرەت بىلەن يەڭلەرنى تۈرۈپ.

تۇتۇۋالسا قىمۇ ئۇنىماي ئۇلار،

ئىدىشلارغا تولدۇردى سۇلار.

ئوتۇن يېرىپ، قارلارنى تۇشۇپ،

تازىلاندى قانچە ھويلىلار.

كۆرەش قىلىپ ئاچچىق سوغۇقتا،

تاغ ياسىدى ئۇلار ئوغۇتتا.

كېسەل كۆرۈپ ھەربى دوختۇر قىز،
ئانا بولدى شۇكۈن تۇغۇتتا.

× ×

ئالتۇن قۇياشى كۈلۈپ پارلىنىپ،
نۇرى بىلەن زىمىن قاپلىنىپ.
ئاتقان گۈزەل تاڭدا چەچەكلەر
ماڭماق بولدى يەنە ئاتلىنىپ.

ئايرىلىش بەك ئېغىر تۇيۇلغاچ،
دىلغا دوستلۇق مېھرى قۇيۇلغاچ.
شۇ سۆيۈملۈك كىشىلەر بىلەن
بىر ئائىلە كىشىسى بولغاچ؛

قول تۇتۇشۇپ ئۇزۇن يولغىچە،
سىردىشىپ بىز دىللار قانغىچە،
بىرگە ماڭدۇق چەچەكلەر بىلەن
تامەلىدىن چىقىپ بولغىچە.

يۈك - تاقلارنى بىرلىكتە ئېلىپ.
كەلدۇق مەھەلە چېتىگە يېتىپ،
ئايرىلىشقا قىيماستىن كۆزلەر،
خوشلاشتۇق بىز قوللارنى قىسىپ.

× ×

قار - مۇز كېچىپ، ئۇزۇن يول بېسىپ،
قانچە تاغ ۋە داۋاندىن ئېشىپ،

كېتىپ بارار باتۇر جەڭچىلەر
كۆتىرىلگەن قۇياشقا بېقىپ.

1977 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## جاۋاپ

دەرىزەڭدە ئېچىلغان گۈللەر،
بېغىشلاپتۇ ئۆيۈڭگە زىننەت.
ئىسمىڭمۇ ھەم «گۈلخۇمار» ئىكەن،
سەن قويغاچقا گۈلگە مۇھەببەت.

ئىشتىن چۈشۈپ كەلسەم ئۆيۈڭگە،
كۈلۈپ تاتلىق ئاچقانچە قۇچاق؛
تەشتەكتىكى گۈللەر ھەققىدە
ئەركىلەپ سۆز باشلىدىڭ شۇ چاغ:

«... قەھرىتان سوغ ئۆتۈپ سۆزگەكتىن،
كائىناتنى باسقاندىمۇ قار.
مەن كۆرىمەن ئۆيۈمدە شۇدەم
گۈل ئېچىلغان خۇش پەسلى باھار.

قاراڭ، گۈللەر نەقەدەر گۈزەل،
ئوخشىتىمەن ياشلىقىمنى مەن.

ئوخشىتىمەن ئاشۇ گۈللەرگە
مۇھەببىتىم ـ شاتلىقىمنى مەن.»

شۇندا سوغاق چېھرەمنى كۆرۈپ،
ئۇ سۆزىنى توختاتتى بىردىن.
دېدى شۇندا مەيۇس گۈلخۇمار:
«مۇنداق ھالنى كۈتمىگەن ىىزدىن.»

ــ گۈزەللىكنى بىلمەي گۈلخۇمار،
گۈزەللىكنى سۆيىسەن قانداق؟
ساددا، پۈچەك ئارزۇلار بىلەن،
گۈل ئىشقىدا كۆيىسەن قانداق؟

دەرىزەڭدە ئېچىلغان گۈللەر،
ئۆيگە زىننەت بەرسىمۇ، بىراق،
چىن ھەقىقى گۈزەللىكتىن ئۇ
بىلسەڭ، تېخى تۇرار كۆپ يىراق.

ھوزۇرلانساڭ گۈزەللىك بىلىپ،
تەشتەكتىكى گۈل سەيلىسىنى؛
مەن سۆيىمەن مۇز تاغدا ئۆسكەن
ئاشۇ قەيسەر قار لەيلىسىنى!

گۈل ـ گىيالار كەچكۈز بىلەن تەڭ،
يالىڭاچلىنىپ بولغاندا غەمكىن،

قار لەيلىسى بوران - چاپقۇندا،
تۆت پەسىلنى ئۆزىتار تەمكىن.

ئىرادىگە سىمووۋول دەيمەن،
ئۇنىڭ قەيسەر خىسلىتىنى مەن.
شۇ ۋەجىدىن سۆيىمەن ئۇنىڭ
ئۆزگىچە شۇ ھىكمىتىنى مەن.

گۈل ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىڭ
تەئەججۈپكە باشلىدى مېنى.
تەشتەكتىكى گۈلدەك مۇھەببەت
ئېغىر ئويغا تاشلىدى مېنى.

ئاشۇ گۈلدەك شەكلەن گۈزەللىك،
ئويغىتالماس مەندە مۇھەببەت.
ئىرادىسىز چۈشكۈن سۆيگۈدىن
ئاچچىق كەچمىش قالىدۇ پەقەت.

تاۋلانغاندەك ئەڭ ئېسىل پولات
ھارارىتى كۈچلۈك يالقۇندا،
چىن مۇھەببەت قارلەيلىسىدەك
سىنىلىدۇ بوران - چاپقۇندا.

قار لەيلىسى بولسا سىمووۋول
پاك سۆيگۈدىن چىن ئىرادىغا،

ئاشۇ گۈلدەك قەيسەر مۇھەببەت،
يېتەر شەكسىز ئۈز مۇرادىغا.

مەن خالايمەن مۇھەببىتىمىز
چېچەكلىسۇن قار لەپىلىسىدەك.
كۈلسۇن گۈزەل دەۋرىم قوينىدا
مۇھەببەتلىك بىر جۇپ ياش يۈرەك.

1980 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

## ناخشا تېكىستلىرى

### ياشنايدۇ ھايات سەندە

ئارزۇلار چېچەك ئاچتى
سۆيۈملۈك ۋەتەن سەندە.
ھۆسنۈڭگە بولۇپ ئاشىق
بۈلبۈللار ئۈرار خەندە.

پەيزىنى سۈرۈپ تاڭنىڭ،
ھۆرلۈكتە ياشار خەلقىم.
ئەجرىدىن ھالال تەرنىڭ
گۈلباغلار ياسار خەلقىم.

سۈلماس گۈلباھارىڭ بار،
ۋەتىنىم ئۇلۇغ جۇڭگو.

ياشنايدۇ ھايات سەندە،
ئىستىقبال كۈلۈپ مەڭگۈ.

1980 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## زامان ئىشقى

شاتلاندىم ۋەتەن سەندە،
بەختىمدىن - باھارىمدىن.
ئۇرغۇيدۇ خوشال ناخشام
ياڭراپ شوخ دۇتارىمدىن.

ئىستىقبال كۈلۈپ باقتى،
كېلىچەك قۇچاق ئاچتى.
مەردىيەت نۇرى چاقنار
كۆللەنگەن دىيارىمدىن.

ئەل يايرار ئادالەتتىن،
ھۆرلۈكتىن - سائادەتتىن.
جۇشقۇنلار زامان ئىشقى
يالقۇنلۇق ئاۋازىمدىن.

ئەلگە يار بەخت - شاتلىق،
ئۆتمەكتە ئۆمۈر تاتلىق.
سۆ ئىچتى يۈرەك يايراپ
بەختىيار زامانىمدىن.

قايتۇرما؛
بۇلبۇلدەك ئۇرۇپ خەندان،
كۈيلەيمەن باھارىمنى.
پۈركەيمەن ئىجادىمدىن،
گۈللەرگە زامانىمنى.

1980 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## ۋەتەن مېھرى

گۈل - غۇنچىلار ياشنايدۇ
يامغۇر - يېشىن بەھرىدىن.
كۈلدى ئۆمرۈم چېچەكلەپ
ئانا ۋەتەن مېھرىدىن.

يەتتىم سەندە ۋەتىنىم
سائادەتنىڭ ۋەسلىگە،
ھاياتىمنى يار قىلدىڭ
سۇلماس باھار پەسلىگە.

پەرزەنتىڭمەن ئوت يۈرەك
ئۇلۇغ ۋەتەن جان ئانا.
سېنى گۈللەش بىر ئۆمۈر،
ماڭا شەرەپ - شان ئانا.

1981 - يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

## ئۈزمەتمش

قوزغالدى ئاخىرى بېكەتتىن پويىز،
چېگرىغا قاراپ يول ئالدىڭ ئامرىغىم.
خوش دېدىڭ، يامرىدى كۆزلىرىمگە ياش.
ھىجراندىن يېڭى ئوت سالدىڭ ئامرىغىم.

يېڭىمەن ھىجراننى ساداقەت بىلەن،
ساڭا خاس ئىشقىمنى ساقلاپ ئامرىغىم.
گۈلباغدا توي بىزگە چېگرىدىن كەلسەڭ،
ۋەتىنىڭ ئەجرىنى ئاقلاپ ئامرىغىم.

1982 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## پولات ئىشچىسىغا

پېچلاردىن يانار يالقۇن
شىددەتتە كېچە - كۈندۈز.
دولقۇنلاپ ئاقار پولات
ئاققاندەك تۈمەن يۇلتۇز.

كۆردۈم پېچ ئارا سېنى،
ئىشلەيسەن جاسارەتتە.
ماڭلايدىن تۆكۈپ چەشمە،
ئاتەشلىك ھارارەتتە.

تاۋلايسەن پولات ھەردەم
تونلەرنى ئۇلاپ تاغقا
ئەجرىڭدىن ۋەتەن ـ ئەلنى
پۈركەپ نۇر ـ شەرەپشانغا.

ئەل مەردانىسى، دوستۇم،
تۇققانىمۇ سېنى يالقۇن؟
دەيمەن زوق ـ ھاياجاندا،
سەن يالقۇندىكى ئالتۇن.

1982 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## دوختۇرغا مەدھىيە

خوش تەبەسسۇم ئىلكىدە،
چاقنار ھامان كۆلچېھرىڭىز.
ئاقىدۇ دىللار ئارا
پۈتمەس بۇلاقتەك مېھرىڭىز.

تونىنى تاغلارغا ئۇلاپ،
پەرۋانىسىز ئىنسان ئۇچۈن.
بېرىسىز قايتا ھايات
مىڭلاپ كېسەل ـ نىمجان ئۇچۈن.

سىز بىلەن ياشنار كۆلۈپ
ئالتۇن ئۆمۈرنىڭ ساقلىغى.

ئەجرىڭىزدىن گۈل ئاچار
ئىنسان باھارى - شاتلىقى.

چىلىق تۇتاشقاندۇر شۇڭا
سىزگە يۈرەكلەر رىشتىسى.
تۆھپىڭىز تىللاردا داستان،
سىز ھايات پەرىشتىسى.

1982 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## ئاق كېچە

ئاق كېچە - ئاپپاق كېچە،
ئاسماندا ئاي - چولپان گۈزەل.
چۆمۈلۈپ ئاي نۇرىغا
كۆلگەن يېشىل بوستان گۈزەل.

كېلىمەن سۇ ياقىلاپ
گالڭ كەتمىنىم يولداشى ماڭا.
بىپايان گۈلشەن ئېتىز،
زۇمرەت ئېقىن سىرداشى ماڭا.

مەن ئىچىپ كەلگەن سۇدىن
قانسا يېزام تەشناسىغا.
ئەل خوشى بولۇر ئالقىش ياغار
مەندەك ئېتىز ئاشناسىغا.

1982 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

# دوستلۇغىمىز ياشنار ئەبەت

سايە تاشلايدۇ چىنار
مۇنبەت زېمىنىنىڭ ئۈستىگە.
ياپرىقى كۆركەم ـ باراقسان،
قوشقان گۈزەللىك ھۆسنىگە.

تەۋرىمەس بوراندا ئۇ،
يايغاچ تومۇر تۇپراق ئارا.
ئۈستىدىن ئالتۇن قۇياش
نۇرلار سېپەر ياپراق ئارا.

بارچە مىللەت ئۇم ـ ئىناق
چىن بەختىيار بىز، ئەي ۋەتەن.
تۇپرىقىڭدا كۆكلىگەن
سۇلماس چىنار بىز، ئەي ۋەتەن.

سەندە بىز يايدۇق تومۇر
شەپقەتلىرىڭدىن سۇ ئىچىپ.
كۆكلىدۇق، پاتماس قۇياش
كومپارتىيەم نۇرلار چېچىپ.

شۇ چىناردەك بەرق ئۇرۇپ
دوستلۇغىمىز ياشنار ئەبەت.

چېھرىمىزدە نەۋ باھار
شات جىلۋىدە چاقنار ئەبەت.

1982 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## باقتى زامان دىخانغا

مېھرىدىن ئاپتاپ چېچىپ
باقتى زامان، دىخان ساڭا.
باي بولۇشقا پارتىيەم
بەردى ھوقۇق - ئىمكان ساڭا.

تېرىساڭ ئالتۇن ئۈنەر،
مۇنبەت ئېتىز - باغلار سېنىڭ.
باغرىدا مال يامرىغان
يايلاق سېنىڭ - تاغلار سېنىڭ.

كەلدى پەيتىڭ يەڭ تۈرۈپ
ئەمگەكتە راست قايناپدىغان.
تەر تۆكۈپ گۈلدەك ياشاپ
ئەجرىڭدە ياغ چايناپدىغان.

مېھنىتىڭدىن ساڭغا ئاشى،
قوتانغا مال تولسۇن ھامان.
ھۆر سائادەتمەن ھايات
ئۆمرۈڭگە يار بولسۇن ھامان.

1982 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

## بەخت دەيمەن ئىجاتكارغا

ناۋا قىلماس كۈلۈپ بۇلبۇل،
چىچەك پەسلى باھار بولماي.
ئىپار چاچماس چىمەندە گۈل،
قۇياش كۈلگەن ناھار بولماي.

باھاردىن گۈل - چىمەن پەيدا،
شۇڭا بۇلبۇل ئاڭا شەيدا.

تۇغۇلدۇم سەندە ئەي جۇڭگو،
باھارغا كۆز ئېچىپ تاڭدا.
ئانا ئەلگە ئىجادىمدىن
ئىپار ۋە گۈل چېچىپ تاڭدا.

ئەبەت سولماس باھار سەندە،
قۇياشلىق نۇر - ناھار سەندە.

ئۇلۇغ كومپارتىيە مېھرى،
ساڭا سولماس باھار مەڭگۈ.
ئۇنى كۈيلەش ئۆمۈرۋايەت
ماڭا شان - ئىپتىخار مەڭگۈ.

بولۇشى سادىق ئىجاتكارغا،
بەخت دەيمەن ئىجاتكارغا.

1983 - يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

# بۇلاقتىكى ئاي شولىسى

كۆكتىن چۈشتى ئاي نۇرى
بىزگە سىرداشى بۇلاققا.
بوستان ئارا ياڭرىغان
ناخشاڭ كىردى قۇلاققا.

تۇنجى سۆيگۈ باشلانغان
مۇشۇ يەردە سەن بىلەن.
كەلدىڭ مانا ئامرىغىم
خوشلاشقىلى مەن بىلەن.

جەڭچى بولدۇڭ، شاتلاندىم
ساڭا سادىق دىلىمدىن.
يۇرتۇم رازى، مەن رازى
ئالقىش ئالساڭ ئېلىمدىن.

ئاتلىنىسەن چېگرىغا،
يولۇڭ سېنىڭ ئاق بولسۇن.
شۇ بۇلاقتەك ئىشقىمىز
سۈزۈك بولسۇن، پاك بولسۇن.

1983 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

## تاغ ناخشىسى

كېلىمەن سۈرەتكە ئوخشاشى تاغ ئارا،
خۇش پۇراقلىق مىلق، تۈمەن خىل گۈل كۆرۈپ.
ياپرىدى دىل زوق — ھاياجان ئىلكىدە،
يەلپۈنۈپ تۇرغان چېچەك — سۇمبۇل كۆرۈپ.
ناخشا ئېيتتىم لەۋلىرىم شات كۈلكىدە،
گۈل ئارا شوخ سايرىغان بۇلبۇل كۆرۈپ.

ئۇرغۇدى تاغ ۋە چېچەككە ھۆرمىتىم،
دىلدا بىر ئوتلۇق تىلەك پەيدا بولۇپ.
ئايلىنىپتۇ تاغ چېچەك دۇنياسىغا.
تاغ گۈلى ئۆسكەچ ئاڭا شەيدا بولۇپ،
ئارمىنىم ئالماس چېچەك ئاچسام ئەبەت،
تاغ سۆيەت ئەل قەلبىدە رەنا بولۇپ.

1984 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## كوچا ئۈرۈكى پەشتى

كوچا ئۈرۈكى پىشتى،
باغلاردا ئەجەپ تاتلىق.
باشلاندى خۇشال سەيلە،
دىلنى قاپلىدى شاتلىق.

ئۈرۈك تاۋلىنار شاختا،
مەي باغلاپ تۆكۈپ شەرۋەت.

كىر گۈزدى شىرىن تەمنى،
ئۈرۈككە ھالال مېھنەت.

جەننەتنى خىجىل ئەيلەر،
ئۈرۈكلۈك گۈزەل باغلار.
شۇ باغ قوينىدا يايراپ
گۈلدەك ئۈتىدۇ چاغلار.

1984 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## ئوقۇش پۈتتۈرۈش ناخشىسى

پۈتتى ئوقۇش، خوش مەكتىۋىم،
بەرگىن ۋەتەن پەرمان ماڭا.
خىزمەتلىرىڭگە جان پىدا
ئەيلەش بۈيۈك ئارمان ماڭا.

تاقتىك بىلىمدىن گاك قانات،
مەزمۇنغا تولدى ياش ھايات.
قەلبىم تۆرىدە ھەرقاچان
مېھرىڭ قۇۋۋەت - دەرمان ماڭا.

مەن تاگشۇرۇلغان تۈلپىرىڭ،
ئۇچۇشقا تەييار شۇڭقىرىڭ.
تاللا جاپالىق بەيگىدىن
مەرتلىككە كەڭ مەيدان ماڭا.

يوللا يىراق ئايماققا سەن،
تاغلارغا سەن، يايلاققا سەن.
يۇرسەممۇ دەشتى چۆللەرنى
ئۇ بىلىنەر بوستان ماڭا.

ئۇندا بىلىمدىن نۇر چاچاي،
ئەل قەلبىدە مەن گۈل ئاچاي.
قىلسام ئادا ئەجرىڭ سېنىڭ،
يۈكسەك شەرەپ ۋە شان ماڭا.

1984 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## كۈتكۈچى قىزغا

چاڭقاپ تومۇزنىڭ تەپتىدە،
باستىم پايانسىز سايىنى مەن.
كۆردۈم شۇچاغ يول ئۈستىدە،
زەپمۇ ھاۋالىق جايىنى مەن.

كۆپكۈك چىمەنلىك ھۆيلىدىن،
چىقتى كۈلۈپ بىر ئاي شۇئان.
باشلاپ ئازادە ئۆيگە ئۇ،
تۇتتى شىرىن كۆك چاي شۇئان

تارقاپ سەپەرنىڭ ھاردۇغى،
چۆمدى ھوزۇر ئىلكىگە تەن.

يۈزلەپ يولۇچى سېپىدە،
كەلدىم گويا ئۆز ئۆيگە مەن.

سىڭلىم ھامان مېھمان ئۈچۈن،
ئاپتاپ ئىكەن گۈلچېھرىڭىز.
تارايدىكەن شەپقەت بىلەن
ھەر بىر يۈرەككە مېھرىڭىز.

كەتتىم سەپەرگە، خوش قىلىڭ،
ئەي چۆلدىكى مۆلدۈر بۇلاق.
ئەيلەپ يۈرەك ئىزھارىنى
سىزگە ئاتاپ يازدىم قوشاق.

1984 - يىل سېنتەبىر، ئاقسۇ.

## ئۈرۈمچى كېچىسى

چاقنايدۇ يەر - ئاسمان ئارا،
سانسىز گۈزەل يۇلتۇز كۈلۈپ.
سەندە ئۈرۈمچى ئۆتىدۇ
تۈنلەر گويا كۈندۈز بولۇپ.

ھەمرا ئىجاتىنىڭ ھۆرلىرى،
تۈنلەردە ئالىم قېشىدا.
قاقمايدۇ كىرپىك تاڭغىچە
دوختۇر بىمارنىڭ بېشىدا.

بۇرغا ئېلىپ كانچى يىگىت
چۈشتى تېرەن خاڭغا مانا.
تاغدەك كۆمۈر قازدى كېچە
راسلاپ سوغات تاڭغا مانا.

ئاي نۇرىدا دېخان يىگىت
ئېتىزغا سۇ باشلاپ كېلەر.
چارلاپ شەھەرنى جەڭچىمۇ،
غالىپ قەدەم تاشلاپ كېلەر.

تۈننى ئۇلايدۇ سۈبھىگە
زاۋۇت، ئېتىز، خاڭلار ھامان.
سەندە ئاتار تۆھپە بىلەن
نۇرلۇق-سۈزۈك تاڭلار ھامان.

1984 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## لۇشۈن ھەققىدە ناخشا

(لۇشۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

پەخىرلىنەر ئۇلۇغ ئانا يەر
شان-شۆھرەتلىك ئەجدادى بىلەن.
مىللەت ئۈچۈن ئۆچمەس يۇلتۇزدەك
چاقناپ ئۆتكەن ئەۋلادى بىلەن.

× ×

تارىخ كۆركى مۇقەددەس جۇڭخۇا،
بۈيۈك مىللەت يارالغان يەر بۇ.
بەشى مىڭ يىللىق قەدىم مەدەنىيەت،
جاھان بويلاپ تارالغان يەر بۇ.

تاغ يۈرەكلىك باتۇرلار ئۆتتى،
ئانا يەرگە باغلاپ ئىشتىياق.
قەدىم ئەلدە ئىنسان ئەقلىدىن
مەرىپەتتە ياقتى شامچىراق.

ياشاپ ئۇلار ئاي ۋە چولپاندەك،
قالدى ئەلنىڭ قەلبىدە چاقناپ.
شۇ زېمىندە كۆز ئاچتى لۇشۇن،
مەرتلەر ئۆسكەن يەرنى قۇچاقلاپ.

بۆشۈك بولدى ئاڭا ۋەتەننىڭ
زۇلمەت باسقان تەڭسىز قۇچىغى.
مەزلۇم ئەلنىڭ مۇڭزارى ئىدى
ئۇ ئاڭلىغان ئەللەي قوشىغى.

قەھرىلىك جۈپ كۆزىدە ئۇنىڭ
ئىسيان ئوتى ئۇچقۇنلاپ ئۆستى.
تومۇرىدا جەسۇر ئەجداتنىڭ
قېنى قايناپ جۇشقۇنلاپ ئۆستى.

«ئاۋرورا» نىڭ ھەيۋەت گۈمبىرى
تىترەتتى بۇ تەڭسىز جاھاننى.
ئويغاتتى ھەم غەپلەت ئۇيقۇدىن
شەرقتىكى بۈيۈك ئارسلاننى.*

باتۇرلارنىڭ قەدىم ماكانى،
ئەرك ئۈچۈن ياۋغا تاشلاندى.
بىپايان كۆك قوللار كۆتەرگەن
قىلىچ - نەيزە، تۇغقا قاپلاندى.

قىزىل تۇغلۇق قوشۇن ئالدىدا
كۆزلەپ نۇرلۇق، گۈزەل ئەتىنى.
ئۇ قەلەمگە بەتلەپ مىللەتنىڭ
لاۋا ئاتقان غەزەپ - ئەنتىنى؛

قىلىچلاشتى مەشئۇم زۇلمەتنىڭ
قانخور جۇدۇن لەشكىرى بىلەن.
مەلئۇنلارنىڭ چۈمپەردىسىنى
يىرتتى ئۆتكۈر شەمشىرى بىلەن.

جاكاچىسى بولدى ھۆرلۈكنىڭ،
گۈلدۈرما مىلتىق خىتاۋى بىلەن.
ئاسارەتلىك قاراڭغۇ تۈنگە
نۇر بەردى ئۇ كىتاۋى بىلەن.

* بۈيۈك ئارسلان - شەرقتىكى ئۇخلاپ ياتقان شىر — جۇڭگو.

توسۇپ كۈلپەت توپانلىرىنى
غالىپ قىزىل قىيا بولدى ئۇ.
مەزلۇم ئەلنىڭ قەلبىگە شىپا —
بەرگەن مېھرىگىيا بولدى ئۇ.

ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەم ئىدى،
ئۇلۇغ ئەلنىڭ ۋىجدان ـ نومۇسى.
ئىدرىكىدىن پۈتتى مىللەتكە
مەردىيەت ھەم كۈرەش قامۇسى.

يۈرىكىدە زۇلمەتلىك تۈنى
ئۇ دانكودەك ياندۇرۇپ ئۆتتى.
ئانا يەرنى پۈركەپ شان بىلەن،
شانلىق تارىخ قالدۇرۇپ ئۆتتى.

ئۇ كۈتكەن تاڭ ئېچىپ گۈلچىراي
شەرق بويلاپ سوزۇلدى ئۇپۇق.
تاڭ شەپىقى سۆيۈپ نۇر بىلەن،
ياپتى ئۇنىڭ قەۋرىگە يوپۇق.

جاھان ئارا ئىپتىخار تاپتى،
ئانا يەر بۇ ئۇلۇغ ئوغلاندىن.
ئادالەت ھەم سەنئەت كۆكىدە
كۆز چاقناتقان نۇرلۇق چولپاندىن.

پەخىرلىنەر باتۇرلار يۇرتى —
مەرىپەتنىڭ بۇلىغى شەرق.
پەخىرلىنەر ئۇنىڭ نامىدىن
ئۇلۇغ ۋەتەن، قەھرىمان خەلق.

پەخىرلىنەر مىللەت شۆھرىتى —
تارىخقا شان كەلتۈرگەن ئەجدات.
پەخىرلىنەر ئۇنىڭ ئىزىدىن
ئىلىم-پەنگە ئات سالغان ئەۋلات!

1981 - يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

## غالىپ كارۋان

بۇلۇتلار توپىنى يېرىپ بورانقۇش،
چاقماقلار ئىچىدە قىلىدۇ پەرۋاز.
ياڭراق جەڭ سىگنالى، زەپەر نەغمىسى
ئۇ بوران ئەۋجىدە قىچقارغان ئاۋاز.

قەيسەرلىك، جوشقۇنلۇق، مەرتلىك مەشئىلى
چاقنايدۇ بورانقۇش سۆيگەن ھاياتتا.
ئۇنىڭكى باتۇرلۇق خىسلىتى نەدە؟
بورانلار تاۋلىغان بىر جۈپ قاناتتا.

دولقۇنلار كۆتەردى تومۇردا قېنىم،
كۆرگەندە بورانقۇش جۈرئىتىنى مەن.

ئوخشاتتىم شۇ باتۇر قۇشى پەرۋازىغا
بۇ قىزىل كارۋاننىڭ سۈرئىتىنى مەن.

كەلمەكتە شۇ بوران قۇشىدەك ھەيۋەت
بۇ ئۇزۇن سەپەرنىڭ غالىپ كارۋىنى.
يەلكىگە تاغدىن زور يۈكنى يۈكلىگەن،
نەيۈك ئۇ، ئەجداتنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى.

كېلىمىز ھېچكىم ئىز باسمىغان يولدا،
نۇرانە ئەتىگە داغدام يول ئېچىپ.
چاپالار دەشتىگە چۈشكەن قەدەمدىن
خۇش پۇراق چوغ رەڭلىك سۈلماس گۈل ئېچىپ.

بورانلىق يوللار بۇ ھەمدە چاقماقلىق،
سىنار ئۇ كارۋاننىڭ شىجائىتىنى.
سىنار ئۇ شىددەتلىك چاپقۇنلار ئارا
ھەر ئۆتكەل - داۋاندا جاسارىتىنى.

بۇ يوللار سىنىقى — تارىخ سىنىقى،
ئۇ سىناق يېڭى بىر ئەسىرگە كىلىمەت.
ئۇ سىناق مۇقەددەس تۆت بۈيۈك نىشان
چىچەكلەپ گۈل ئاچار دەۋرگە كىلىمەت.

ئۆتتۇق بىز، ئۆتىمىز كۆرمىڭ سىناقتىن،
ئۆيۈشقان كۈچكە ئۇ ھېچبىر سىر ئەمەس.

ئىناقلىق غەلبىنىڭ ئانىسى دېمەك،
شۇڭا بىز ئالىمىز شان بىلەن نەپەس.

مەرىپەت قۇياشى داغدام يولىغا
نۇرچاچقان سەپەرداش مىللەت بىز بۈگۈن.
شەرقتە قۇدرەتلىك پولات ئېقىمدەك
مەۋج ئۇرغان زەپەرداش مىللەت بىز بۈگۈن.

قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ چاقناپ تۇرار،
بورانقۇش مىسالى پەرۋازىمىزدا.
ياڭرايدۇ ئۇلۇغۋار ئەلنىڭ ئاۋازى،
يېڭىشكە چىللىغان جەڭ سازىمىزدا.

بولغاچقا پارتىيە كارۋان رولچىسى،
گۇمان يوق، قۇياشلىق ئىقبال بىزگە خاس.
«تۈتلىشىش» باغلىرى گۈل - چېچەك ئاچقان
كېلىچەك ئاتلىق بۇ ۋىسال بىزگە خاس.

1982 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## بەختىم

ئادالەت تېگىنىڭ پاتماس قۇياشى
چاقنايدۇ بىغۇبار چېھرىڭدە ۋەتەن.
سەن بۈيۈك نۇر ئېلى، ئىستىقبال ئېلى،
ياشنايدۇ گۈل ھايات مېھرىڭدە ۋەتەن.

شۆھرەتلىك ئەجدادتىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ،
باغرىڭغا تاڭ بىلەن تۆرەلدىم سەندە.
ئالدىمدا كەڭ قۇچاق ئاچتى كېلىچەك،
سائادەت نۇرىغا بۆلەندىم سەندە.

شاۋكەتلىك نامىڭنى ئۇلۇغلاپ مەڭگۈ،
ئىجات ۋە مېھنەتتە ئۆتىمىگىم بەختىم.
باغرىڭغا ئىشقىدۋاز بۇلبۇلگويا دەك،
تىلىمدىن گۈل ۋە كۈي تۆكمىگىم بەختىم.

1983 - يىل مارت، ئۈرۈمچى.

## تۇتاش قەلبلەر

(داستان)

نەرە تارتىپ بوران لەشكىرى
ھۆكىرەيدۇ يېرىم كېچىدە.
ئۇچار تاشلار، كۆچەر قارلار ھەم
ئاسمانىپەلەك تاغلار ئىچىدە.
يۈزلەپ پادىيوم، سۇرلۇك غوللارنى
چاق ئاستىدا قالدۇرۇپ پەستە.
بۇلۇت سۆيگەن داۋانغا ئۆرلەپ
ھەربى پىكاپ كەلمەكتە تەستە.
شۇ تاپ مۇشكۇل نىشانىنى كۆرمەك،
قارقۇيۇنى توسىغاچ يولنى.

بوران يېرىپ كېلىمدۇ شوپۇر
ماھىر قولدا ئوينىتىپ رولنى.
تاقەتسىزلىك ئىلكىدە يانار
مەنزىل تامان ئۇندا تۆت جۈپ كۆز.
چاقنار چوغدەك تۈن ئايازىدا
ماڭلاي ئارا نۇرلۇق بەشيۇلتۇز.
«مۇزداۋان» دا ماڭسىمۇ پىكاپ
بورانقۇشنىڭ جۈرئىتى بىلەن.
ئۇ بىلىنەر ماڭغاندەك گويا
چۈمۈلىنىڭ سۈرئىتى بىلەن.
تىت-تىت بولۇپ سۆزلەر دوختۇر نۇر:
«مىنۇت ۋاقىت ھايات بىز ئۈچۈن.
بولسا قانات ئۇچۇپ تاغلاردىن،
يېتىپ بارساق ئايىم قىز ئۈچۈن.
پىكاۋىڭنى تېزلەت ئادىلجان،
«قورغان» دا جەڭ تۇرماقتا كۈتۈپ.
يېڭى جاننى قۇتلۇقلايلى بىز،
شۇم ئەجەلنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ.»

× ×

تىزما-تىزما تاغلار ئۈچىدە،
بىر يېزا بار ئارچا-قارغايلىق.
نامى «قورغان» چېگرىدا تۇتاشى،
ئارتىۋالغان گۈللەردىن ياغلىق.

بەش يىل بۇرۇن باغلاپ مۇھەببەت
چېگرىدىكى جۇشقۇن ھاياتقا.
كەلگەن ئىدى بىر جۈپ ستۇدېنت
پەن - مەرىپەت ئېلىپ ئەۋلاتقا.
بىرى ئۇنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك،
قوشۇما قاش ياش يىگىت سايىم.
يەنە بىرى خۇش خۇي چىقىشقاق
چىرايى گۈل ئوچۇق قىز ئايىم.
ياش بوغۇنلار پەرۋىشى بىلەن
ئۆتكۈزدى بەش يىلنىمۇ تېزدىن.
مول نەتىجە، گۈزەل پەزىلەت
مىۋە بەردى بۇ ئوغۇل قىزدىن.
ئۆز پەرزەنتى بوپقالدى ئۇلار
مېھرى ئوتلۇق «قورغان» خەلقىنىڭ
«ئۇستاز» دەپ ئەل كۆتەردى باشتا،
ھۆرمىتىنى قىلىپ ئەجرىنىڭ.
ئاتا - ئانا بولۇپ «قورغان» لىق،
بۇ ماكاندا قىلدى توينى.
قۇتلۇقلىدى جەڭچىلەر كېلىپ،
قىزىلگۈلگە ئوراپ بويىنى.
ئۆتتى تويمۇ، ئۆتتى ئايلارمۇ
ئىناقلىقنىڭ شىرىن ئىلكىدە.
بىر خۇش خەۋەر كېلەر بىخ يېرىپ،
ئايىم قىزنىڭ كۆڭلى مۈلكىدە.

قوساقتىكى يېڭى جاندىن ئۇ،
بەردى ئۆچۈر سايىمغا خۇشال.
قىلدى ئىزهار ئارزۇلىرىنى،
ياپراپ سايىم ئايىمغا خۇشال:
«بىزگە شۇنچە مېھرىبان يۇرتتا
پەرزەنتىمىز كۆز ئاچسا كۈلۈپ.
كۆچكە تولسا ئىلمۇ-ئىرپاندىن،
تاغنىڭ جەسۇر بالىسى بولۇپ؛
ئېخ! قانچىلىك شاتلىنار ئىدۇق،
ئىزىمىزنى باسسا 〈قورغان〉 دا.
كېلىچەكتە پەن-مەرىپەتتىن
ئۇمۇ نۇرلار چاچسا 〈قورغان〉 دا.»
كۆتەر ئۇلار پەرزەنتىن تەشنا
توققۇز ئايدىن گۈزەل ئارزۇدا.
تاللىشىدۇ بوۋاققا ئىسىم،
مەرتلىككە خاس جەسۇر ماۋزۇدا.
دېدى بىر كۈن ئايىمغا مۇدىر:
«سىز هازىرچە توختىتىڭ ئىشنى.
يەڭگىش ئۈچۈن قايتىپ شەھەرگە،
ئۆيىڭىزدە چىقىرىڭ قىشنى.»
شۇ چاغ ئايىم جىمدى جەڭ پەيتى
چېكىنگەندەك سەزدى ئۆزىنى.
كەسكىن قىلىپ ئېيتتى مۇدىرغا
ئىرادىسى — يۈرەك سۆزىنى:

«يات ئارىدا باشلىنىپ كېتەر
يېرىم يىللىق ئىمتىھان ـ سىناق.
مۇشۇ پەيتتە ياشى غۇنچىلارنى
تاشلاپ، ئۆيگە كېتەي مەن قانداق؟
بۇ يۇرتتىكى ئانىلار ماڭا
مېنى تۇققان ئانامدىن چارە.
ئاشۇلار بار، ئەندىشىنە ھاجەت،
تۇغۇتنىڭمۇ چاغلىقتۇر كارى.»
دېدى مۇدىر: «يارايسىز سىڭلىم،
ئېيتتىڭىز چىن سۆزىڭىزنى سىز.
ئىشلەڭ، يىراق ئاسراڭ ئوبدان ھەم
بۇ ئايلاردا ئۆزىڭىزنى سىز.»
يېتىپ كەلدى ھەش ـ پەش دېگىچە
يېقىنلىشىپ تۇغۇت كۈنلىرى.
بەك ئالدىراش ئىدى ئەر ـ خوتۇن،
كۈندۈز تۇگۈل ھەتتا تۈنلىرى.
كۈندۈزلىرى مۇشۇ مەۋسۇملۇك
ئەڭ ئاخىرقى دەرسلەرنى ئۆتەر.
تەكرار ئۈچۈن كەچتە ئىككىسى
قارلار كېچىپ ئۆي ـ ئۆيگە كېتەر.
قىز ـ چوكانلار، ئاق چاچ ئانىلار
ھال سورىشار كېلىپ ھەركۈنى.
ھەربى دوختۇر گۈلشەن قىزمۇ ھەم
تۇرار يات ـ يات تەكشۈرۈپ ئۇنى.

بۈگۈن كەچتە يول ئالدى ئايىم،
ئابلىمىتنىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ.
بەرمەك بولۇپ بۈگۈن ئۈنىڭكى
كەم قالدۇرغان دەرسنى سۆزلەپ.
نىمشىقىدۇر بۈگۈن ئايىمنىڭ
باشقىچە ئىدى روھى - ھالىتى.
پەرىزىچە مۇشۇ كېچىدە
كېلىدىغاندەك تۇغۇت سائىتى.
تۇرۇپ يېنىك تولغايتى قوساق،
بەل ئاغرىقى كۈچەيگەن ئاندىن،
تۇرۇپ - تۇرۇپ قىسىلىپ نەپەس،
ئاچچىق يالقۇن ئۆرلەيتى گالدىن.
خالىمىدى سايىمغا زىنھار
ئۆز ھالىنى چاندۇرۇشنى ئۇ.
خالىمىدى كەچلىك تەكراردىن،
شۇ سەۋەپتىن قالدۇرۇشنى ئۇ.
كېلەر ئايىم ئاۋايلاپ ئاستا
قېلىن قاردىن يۆتكەپ قەدەمنى.
ئەسلىتىدۇ تۇرقى شۇ تاپتا
گويا قاردىن پۈتكەن ئادەمنى.
بېسىپ تەستە بەش چاقىرىم يول،
كەلدى ئاخىر كۆزلىگەن ئۆيگە.
«كېلىنىڭ قىزىم» دەپ ئايشەم ئانا،
يۆلەپ ئۇنى باشلىدى تۆرگە.
— جېنىم قىزىم كەپسىز جاپادا،

ئويلاپ مۇشۇ كەنجى ئوغلۇمنى.
سىزگە شۇ تاپ قايسى تىل بىلەن
ئىزھار قىلسام بولار كۆڭلۈمنى.
شوخراق ئۆستى بىزنىڭ ئوغلىمىز،
ئالدىڭىزدا بولمىسۇن خىجىل.
كۆيۈندىڭىز بىزدىنمۇ چارە،
بولۇپ ئاڭا بەك ئامراق — ئىجىل.
كېچە قاتتىق قىزىپ ئابلىمىت،
بولدى بەكمۇ ئەنسىزلىك بىزگە.
شۇڭا دەرسكە بارالماي قالدى
قىلالمىدۇق خەۋەرمۇ سىزگە.
قىزىتمىسى ياندى ئاخىرى،
گۈلشەن قىزنىڭ دورىسىنى يەپ.
بىراق ئوغلۇم بەك تىت - تىت بولدى،
ئەجەپ بۈگۈن دەرستىن قالدىم دەپ...
توكچىراقنىڭ سۈتتەك نۇرىدا
ئابلىمىتقا دەرس ئۆتەر ئايىم.
ئۇنىڭ تەشنا دىل ئېتىزىغا
پەندىن كەۋسەر - بال تۆكەر ئايىم.
شاگىرتىغا سۆيۈنەر ئايىم،
ئەقلىگە چىن مەسلىكى كېلىپ.
سۆزلەر لېكىن چاندۇرماي ئاڭا
ئۆزىنى تۇتۇپ، غەيرىتىگە ئېلىپ.
ئاچچىق تولغاق ئازاۋى ئاخىر،

چىقتى تېپىپ ئۈنىڭ يۈزىگە.
سەزدى ئانا، تاشلاندى بۇ ھال
كۆپنى كۆرگەن ئۆتكۈر كۆزىگە.
— تەكرارىڭىنى يىغىشتۇر ئوغلۇم،
يار دەملەشكىن دەرھال ئاتاڭغا.

ھارۋىنى قوش، ئاتاڭنى ئۇزات،
يۈگۈر چاققان سايىم ئاكاڭغا.
ھاشىم ئاخۇن بولسىلا چاققان،
گۈلشەن قىزنى كەلسىلە ئېلىپ.
بوشاندۇراي ئايىم قىزىمنى،
ئانا بولۇپ ئۆيدە مەن قېلىپ.
گويا چاقماق تېزلىكىدە ئۇ
يولغا سېلىپ ئاتا - بالىنى.
تەييارلىدى ھەش - پەش دېگىچە
تۇغۇت ئۈچۈن مېھمانخانىنى.
پەريات چېكەر تولغاقتا ئايىم،
پەرۋانىدۇر ئانا بېشىدا.
قىزىنىڭ ھالى، ئانىنىڭ قەلبى،
ئايان شۇ تاپ ئاققان يېشىدا.
بۇ قوشۇلۇپ ئاققان كۆز ياشلار،
بىر قىسمەتنى ئەيلەيدۇ بايان.
«تۇغۇت دېمەك — ئۆلۈپ تىرىلمەك»
بۇ ئىش تەھقىق ھەممىگە ئايان.
نىمە ئۇلۇغ دېسە دۇنيادا،

ئانا ئۇلۇغ دېيىمىز ھېچ شەكسىز.
ئانا قەدرىن بىلمىسە كىمكى،
شۇدۇر ھايۋان نەسلىدىن پەرقسىز.
چىن مۇھەببەت مېۋىسى بولۇپ،
تۆرىلىدۇ قوساقتا بوۋاق.
بۈيۈك يۈكنى كۆتىرەر ئانا
توققۇز ئايلاپ قوساقتا ئۇزاق.
كۈتەر بىزنىڭ تۇغۇلۇشىمىزنى،
كۈن - تۈن شېرىن ئارزۇلار بىلەن.
كىتاپ ئېچىپ ئويلايدۇ ئىسىم،
مەرتلىككە خاس ماۋزۇلار بىلەن.
تۇغۇت پەيتى پۈتكۈل ئازاپنى،
تارتار يالغۇز ئانا قىينىلىپ.
قانچە ئۆلۈپ، قانچە تىرىلىپ،
ياتىدۇ ئۇ قانغا مىلىنىپ.
ئاشۇ تەقدىر ئەمدى ئايىمنىڭ
بېشىغىمۇ كەلدىلەر، ھەيھات!
دىلكەش ئانا باغرىنى تىلىپ
قىلار پارە ئۇ سالغان پەريات.
ئاشۇ پەريات يامرىتىدۇ ياشى
غۇنچە بويلۇق رەنا كۆزىدىن.
ئاشۇ پەريات يامرىتىدۇ ياشى
ئاتا غەمخور ئانا كۆزىدىن.
كېتىپ ئاخىر ئايىم ھوشىدىن،
بارا - بارا قالدى بولالماي.

خەۋپ ئىنىق كۆرۈندى كۆزگە،
تۇغۇتقا ئۇ كۈچنى ئۇلالماي.
يۈرەك باغرى چاك - پارە بولۇپ
تۇرغان چاغدا ئانا ئامالسىز،
ياندى ئۈمىت چىرىغى بىردىن،
يېتىپ كەلدى گۈلشەن ھايالسىز.
جان دوستىنى ئېلىپ قۇچاققا
تەكشۈرۈشنى باشلىدى گۈلشەن.
چىرايىغا چىقىپ مەيۈسلۈك،
ئانىغا كۆز تاشلىدى گۈلشەن.
شىۋىرلىدى ئانىغا ئاستا،
ئېغىر ھالدىن ئۆزىنى تۇتۇپ.
«بالا تەتۈر، ئېغىر خەۋپلىك
ئايىم قىزنى تۇرماقتا كۈتۈپ.
بۇ ھالەتتە مۈمكىن ئەمەستۇر
ئايىم قىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش.
ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە قوساقنى —
ئوپېراتسىيە قىپ بالىنى ئېلىش.
ناھىيە يىراق، يولى خەتەرلىك،
يۆتكەشكە ئۇ بىرەلمەس بەرداش.
قىسمىنىڭ باش دوختۇرخانىسىدىن
چاقىرايلى ياردەمگە ۋىراچ.
چېگرا پونكىت دوختۇرخانىسىغا
ھايال بولماي ماڭايلى تېزدىن.
ئاشۇ يەردە ئالايلى خەۋەر،

ئانا بولۇپ، بىز ئايىم قىزدىن.
داۋالىسام بار ئامال بىلەن،
ئۇ بەرداشلىق بەرسە تاڭغىچە،
چوقۇم دوختۇر خانىسىدىن
تېز ياردەمگە كېلەر ئاڭغىچە...»

× ×

يېرىم كېچە ...
باشى دوختۇرخانا
جىمجىتلىقتا چۆككەن ھەممە يان.
نۆۋەتچىدۇر شۇ تاپ پەقەتلا
ئىشخانىدا ئاكۇشىر رەيھان.
چۆكۈنگەن ئۇ بار زېھنى بىلەن
مۇقاۋىلىق قېلىن كىتاپقا.
ئىزلەر جاۋاپ ئاياللاردىكى
ساقايتىش تەس كېسەل — بىتاپقا
ئەقىل نۇرى چاقنىغان كۆزلەر
قۇرلار ئارا تەشنا باققاندا،
ئەڭ ھالقىلىق باپتا، ئىزلىنىش
يۈكسەكلىككە قانات قاققاندا.
ئاشۇ مىنۇت پەن دېڭىزىدىن
ئىسىل گۆھەر تۇرغاندا سۈزۈپ،
قويدى بىردىن تەپەككۇرىنى
تېلېفوننىڭ ئاۋازى ئۈزۈپ.
تېلېفوننى ئېلىپ، دىلىغا —

كەتتى شۇئان ئەنسىزلىك تاراپ،
«خوپ» دەپ دەرھال يۈگۈردى چاققان
ئوپېراتسىيە ئۆيىگە قاراپ.
تامامىلاپ بىر ئوپېراتسىيىنى،
تۇرغان ئىدى نۇرمۇ قول يۇيۇپ.
—نىمە ئەھۋال بولدى؟ تېز سۆزلەڭ،—
دىدى دەرھال رەيھاننى كۆرۈپ.
—يولداش ئابلىز بېرىپ تېلېفون
جىددى ياردەم سوراپتۇ بىزدىن.
ئەۋتسەڭلار دەپتۇ تاڭغىچە،
كېچىكتۈرمەي ۋىراچنى تېزدىن.
قاپتۇ ئېغىر خەتەر ئىچىدە
ئايىم ئاتلىق مۇئەللىم ئايال.
بالا تەتۈر بولغاچ قوساقتا،
قىلالماپتۇ گۈلشەنمۇ ئامال.
ئويلىنىپمۇ تۇرمىدى دوختۇر،
—ئاتلىنايلى، — دىدى ئۇ كەسكىن.
(يېڭى سەپەر — جەڭنىڭ ئالدىدا
تۇرۇپ شۇنچە جىددى ۋە تەمكىن)
تەييارلىدى ھەش-پەش دىگىچە
ئوپېراتسىيىگە كەم سايماننى ئۇ.
ئېلىپ ماڭدى رەيھانغا يانداپ،
ناركوز دوختۇرى سۇلايماننى ئۇ.
ئۇچقان قۇشتەك «قورغان» غا قاراپ،
قويۇۋەتتى پىكاپنى ئادىل.

ئېلىپ قويۇپ جاننى ئالقانغا،
كېلەر ئۇلار بوراندا دادىل.
چولپان چاقناپ كۈلگەن سۈبھىدەم،
كەلدى پىكاپ قارغايلىق سايغا.
ھاياجاندا دىدى تۆتەيلەن:
«يەتتۇق ئاخىر كۆزلىگەن جايغا»
خوشاللىقتىن چىقتى ئېتىلىپ
ئابلىز بىلەن گۈلشەن قىز مانا.
سايىم قىسار قوللارنى قىزغىن،
چاي ئېپكەلدى ئۇلارغا ئانا.
چېگرا پونكىت دوختۇرخانىسى
ئوپېراتسىيە ئۈچۈن راسلاندى.
كۆڭۈللەرگە ئۈمىت بېغىشلاپ
ھايات ئۈچۈن كۈرەش باشلاندى.
كېسىلدى ئەت، ئېچىلدى قوساق،
ئۈندىن يېڭى بىر جان ئېلىندى.
يەلكىلەردىن چۈشۈپ غەم تېشى،
گويا جەڭدە قورغان ئېلىندى.
يېڭى جاننىڭ تۇنجى يىغىسى
تاراتتى ئۆي ئىچىگە شاتلىق.
كۈلدى سايىم، كۈلدى سۇلايمان،
كۈلدى رەيھان، گۈلشەن قىز تاتلىق...

× ×

چېچىپ ئالتۇن نۇرىنى قۇياش،

تاغ ئىچىدە كۆلگەندە سەھەر.
ئۇچقان قۇشتەك تارالدى تېزدىن،
«قورغان» بويلاپ يېڭى خۇش خەۋەر:
«شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ
نەچچە دوختۇر كەپتۇ كېچىدىن.
ئايىمىزنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ،
تۇغۇت پەيتى خەتەر ئىچىدىن.»
تەييارلىغان تائاملىرىنى
كەشتىلەنگەن داسقانغا ئوراپ؛
چېگرا پونكىت دوختۇرخانىسىغا
ئاياللار يول ئالدى ھال سوراپ.
ياتار ئاسما ئۆكۈل ئاستىدا
ئايىم ئېچىپ كۆزىنى ئەمدى.
(چىققاچ تەندىن تۇغۇت ئازاۋى،
يېنىك سېزىپ ئۆزىنى ئەمدى.)
ھەمرا بولۇپ ئايىمغا بوۋاق
ياتار غەمسىز كۆزىنى ئېچىپ.
بۆدرۇقلىغى، ئوماقلىغىدىن
ئۆي ئىچىگە ئىللىقلىق چېچىپ.
يوقلاپ كەلگەن ئاياللار بىلەن
ئۆي ئىچىمۇ تولدى لىققىدە.
ئايىم بىلەن بوۋاقنى ئۇلار
قۇتلۇقلىدى خوشلۇق ئىلكىدە.
قولدىن ـ قولغا ئۆتىدۇ بوۋاق،
باقار ئاڭا تويماستىن كۆزلەر.

گۈل مىسالى كەتكەن ئېچىلىپ
زوقمەنلىكتىن ئۇنلىغان يۈزلەر.
ئۆتۈپ كەتتى ئىككى سائەتمۇ
هال سوراش ۋە قىزغىن سۆھبەتتە.
كىرىپ كەلدى خوشلىشىش ئۈچۈن
دوختۇر نۇرمۇ دەل مۇشۇ پەيتتە.
دېدى كۈلۈپ: — سىڭلىم ئايىمقىز
قايتىش ۋاقتى بوپقالدى بىزگە.
قالدۇردۇق بىز گۈلشەنگە يانداپ
باشى ئاكوشىر رەيھاننى سىزگە.
داۋالىنىڭ، چېكرا پونكىتىنى

ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدەك بىلىپ.
تېلېفوندا ئەھۋالىڭىزنى
تۇرسۇن ماڭا دوكلات قىلىپ...
تۇتالمىدى ئۆزىنى ئايىم
بۇ ئاق چاچلىق دوختۇر ئالدىدا.
(يېڭىۋاشتىن گۈلدەك ئۆمرىگە
هايات بەرگەن غەمخور ئالدىدا.)
قايناق ياشلار بىر جۈپ بولاقتەك

كۆزلىرىدىن چىقتى ئېتىلىپ.
هاياجاندا ئۇلغايتتى ياشنى
ئاڭا يۈرەك سۆزى قېتىلىپ:
— ئاجىز كەلدى تىلىم شۇ تاپتا
ئېيتىش ئۈچۈن سىلەرگە رەھمەت.

يەتمەس ئاتا ـ ئانا مېھرىمۇ
قېرىنداشلىق مېھرىگە پەقەت!
تۇغۇت پەيتى ئايشەمخان، گۈلشەن،
ماڭا غەمخور ئانا بولدىڭىز.
ئەي نۇر ئاكا، ئەجەل ئالدىدا
جان ئۇلىغان ئاتا بولدىڭىز.
سىلەردىن ھەم «قورغان» خەلقىدىن
تۇققانلىقنىڭ مېھرىنى كۆردۈم.
ئاشۇ ئىللىق چىرايلاردىن ئۆز —
ئاتا ـ ئانام چېھرىنى كۆردۈم.
ئۇنتۇمايمەن ئۆمرۈم بويى مەن
بۇ بىباھا شەپقەتنى مەڭگۈ.
شەنىڭلەرگە ئۇلۇغ جېنىڭ گىجۇن،
دەيمەن دىلدىن رەھمەتنى مەڭگۈ.

1983 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.

# ۋەتەن مېھرى

مەسۇم باسىت قاتارلىقلار

مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام

مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا 306№)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

سانائەت ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 9·25

1985 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى

1985 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M10098·1018

تىراژى: 1 —— 1·500

باھاسى: 0·60 يۈەن

祖 国 之 爱 （诗歌选） （维吾尔文）

买·巴斯提等 著

责任编辑：马合木提江

责任校对：伊力亚斯

新疆人民出版社出版

乌鲁木齐市解放路306号

新疆新华书店发行新疆工学院印刷厂印刷

787×1092毫米32开本 9.25印张

1985年3月第1版 1985年7月第1次印刷

印数：1—1·500

书号：M10098·1018 定价：0.60 元

书 号：M10098·1018
定 价：　0.60元